# خوجى

(بىلىقچىنىڭ ناخشىسى)

كىچىكىمدە باشقىلاردىن ئىڭىشىغان،
ئىڭىشاپ تۇرۇپ ئېغىزىمنى تامشىغان.
«جىڭپوخودا بىلىقنىڭ بار بىر خىلى،
‹خوجى› ئاتالىق، بىلىقلارنىڭ سەرخىلى
بىرەر قېتىم ئۆتسە گۆشى گېلىڭدىن،
تەمى ئۇنىڭ كەتمەس زادى تىلىڭدىن.»

*

كىچىك ئىدىم، ئىچىمگە بىر ئوت كىردى،
بىر ھالاۋەت كۆرەي، دىگەن زوق كىردى.
بار ۋەسلىمنى داڭغا قويۇپ تور ئالدىم،
خوجى ئىزلەپ جىڭپوخوغا يول سالدىم.
بىلىق تۇتتۇم ئەللىك يىل ئۆز قولۇمدا
تالاي خوجى كېلىپ چۈشتى تورۇمغا.
خوجى ئۈچۈن توكۇلدى كۆپ ئەمگىكىم،
بىراق قۇرۇق ئارمان بولدى يىمىگىم.
يىيەلمىدىم باغۋەن بولۇپ مىۋىدىن،
سۇ ئىچمىدىم ئەزىم دەريا لېۋىدىن.

## مېيخۇا گۈلىگە مەدھىيە

كەتسمۇ ياز، ئاق چاپانلىق، ئاق ساقاللىق قىش كېلىپ،
خۇش پۇراق مېيخۇا ئېچىلدى باغ ئارا نۆۋەت ئېلىپ.
ئۆتتۈنۈپ ئىللىق پەسىلنى باشقا گۈللەر پەيزىگە،
قەھرىتاننى تاللىدى ئۇ ئۆزىگە باھار بىلىپ.
يات ئۇنىڭغا جۇت - شىۋىرغان شىددىتىدىن شۈمشىيىش،
يات ئۇنىڭغا غادىيىش ئۆز بەھرىنى مىننەت قىلىپ.
گۈلباھارنى ئەسلىتىپ مېيخۇا ئېچىلدى رەڭمۇ - رەڭ،
گۈل خۇمار دىلغا باھارنىڭ ئىشقىدىن بىر ئوت سېلىپ.

1964 - يىل 17 - فېۋرال، خاڭجۇ

بەختىم مېنىڭ قانۇن بولۇپ پۈتۈلدى.
زالىملارنى تەختى بىلەن ئاغدۇرۇپ،
ھىساپ ئالدۇق لەنەت ئوقى ياغدۇرۇپ.
ھىساپ ئالدۇق خۇجى يەگەن گېلىدىن،
شۇم پەرمانىنى چاكالىغان تىلىدىن.

مەن نوقسۇلغا كۈلدى بۈگۈن زامانە،
خوجايىنمەن، ئۆمرۈم خۇددى شاھانە.
كۆللەر ماڭا خۇجى يەمسەن، مە، دىدى،
دەۋرىم مېنى خالىغانچە يە، دىدى.
ئەسلەپ ھازىر مەرتىۋەمنى، تەكتىمنى،
سېلىشتۇرۇپ شاھلىق بىلەن بەختىمنى،
ھاياجاندىن خۇجى ئۆتمەي گېلىمدىن،
ناخشا - قوشاق كۆي تۆكۆلدى تىلىمدىن.

1963 - يىل ئاۋغۇست - سېنتەبىر،
جىڭپۇخو - بېيجىڭ

ھساۋدىچە قانچىلىك كەلگەي ساڭا تاپاۋەت؟»
باتۇر دەيدۇ: «ئىنقىلاپ ۋىجدان ئىشى، سودا ئەمەس،
قىلماق ئۆلۈم بىز ئۈچۈن ۋىجدان سېتىپ تىجارەت.»
جاللات دەيدۇ: «دۇنيادا مەقسەت نىمە سەن ئۈچۈن،
ئىزلىمەسەن ھىچ پايدا، كۆزلىمەسەن ھىچ راھەت؟»
باتۇر دەيدۇ: «مەقسەت شۇ: ئەمگەكچىنى قۇل قىلغان —
كونا چىرىك دۇنياغا سالماقچىمىز ھالاكەت.
مېنىڭ راھەت، پايدامنىڭ ھساۋىغا سان يەتمەس،
ئاچقان چاغدا كەڭ قۇچاق ئەمگەكچىگە سائادەت.»
جاللات دەيدۇ: «سەپىرىڭ بارسا كەلمەس يول ئىكەن،
بوندىن راھەت، پايدىغا كىم بەرمەكچى ئىجازەت؟»
باتۇر دەيدۇ: «ئىنقىلاپ ئەمەس تەلەپ، ئىلتىماس،
ئەمەس ياكى ئىبادەت، تىلەيدىغان ئىجابەت.
قورققان كىشى زەھەردىن ئالالامدۇ بال - ھەسەل،
كەتمەن چاپماي ھىچقاچان ھوسۇل بەرمەس زىرائەت.
ئۇرۇق چاچتۇق بىز ئەۋلات ئىنقىلاپتىن مەيدانغا،
بىزلەر ئۆلسەك، پەرۋەرىش ئەۋلاتلارغا ئامانەت.
خاھ كۆرمەيلى كۆرمەيلى، ھوسۇل پەيتى خامانىنى،
روھىمىزنى كۆلدۈرەر شۇ چاغدىكى دارامەت.»
جاللات دەيدۇ: «سۆزلىرىڭ شۇنچە يىراق ئەقىلدىن،
ئاڭلىغاندەك بولدۇم مەن ئەپسانىۋى رىۋايەت.»
باتۇر دەيدۇ: «راست دەيسەن، بۇ سۆزۈمنىڭ تەكتىگە
چۈشەنمەيدۇ ئەقلىڭگە نەپسى مىنگەن ھاماقەت.»
جاللات دەيدۇ تېپچەكلەپ: «زەھەر ئىكەن سۆزلىرىڭ،
ياخشىلىقچە تىز پۈكۈپ تىلىسەڭچۇ ئادالەت.»
باتۇر دەيدۇ: «ئادالەت بولسا ئەگەر سەنلەردە

# يۈخۇاتەيگە* زىيارەت

قىلدىم بۈگۈن گۈل ئارا يۈخۇاتەينى زىيارەت،
تىترەر تېنىم ۋە لېكىن قەلبىمدە مىڭ ھارارەت.
ئۇچتى خىيال كەپتىرىم ئونبەش يىلنىڭ ئالدىغا،
چۆكۈپ چوڭقۇر سۈكۈتكە، كۆردۈم گويا كارامەت.
كۆردۈم ئۆلۈم ئالدىدا تۇمەنلىگەن باتۇرنى،
ئەتراپىدا جاللاتلار قۇرغان مۇدھىش ئاسارەت.
جاللات دەيدۇ باتۇرغا: «گۇنايىڭنى بىلەمسەن،
قىلماقچىمىز بىز سېنى ئىستىغپارغا دالالەت.»
باتۇر دەيدۇ: « تۇرغاندا جىمى گۇنا ئۆزەڭدە،
قاپ كۆتەرمەك باشقىغا ... نىمە دېگەن قاباھەت.»
جاللات دەيدۇ باتۇرغا: «كۆزۈڭنى ئاچ، نەدە سەن،
ئالدىڭدا پىل تۇرۇپتۇ، تاكاللاشما كاساپەت.»
باتۇر دەيدۇ: «جۆيلىمە، ئالدىمدا سەن گوياكى
گىژىلدىغان چىۋىنسەن، چىرىلدىغان ھاشارەت.»
جاللات دەيدۇ: «نىمىشقا مۇنچىۋالا جېنىڭ چوڭ؟»
باتۇر دەيدۇ: «پۈتۈلگەن ۋۇجۇدۇمغا جاسارەت.»
جاللات دەيدۇ: «ھەي جاھىل، بۇنى ساڭا كىم بەردى؟»
باتۇر دەيدۇ: «خەلقىمگە، ئىنقىلاپقا ساداقەت.»
جاللات دەيدۇ: «ئىنقىلاپ سېنىڭ ئۇقەت - كەسپىڭمۇ،

* يۈخۇاتەي– ئازاتلىقتىن بۇرۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەنجىندىكى ئەڭ مۇدھىش جازا لاگېرى ئىدى. ھازىر بۇ جاي ئىنقىلاۋىي قۇربانلار قەۋرىستانى،

تۈن پەردىسى يىرتىلدى، ئەنە چولپان، ئەنە تاڭ،
بەردى يەنئەن خىتاۋى نۇر ـ ئاپتاپتىن بىشارەت.
سالام قىزىل بايراقلىق، مىلتىق تۇتقان قىزىل سەپ،
سالام قىزىل غەلىبە، يۈكسەل، تاپقىن كامالەت.
سالام ساڭا، ئۆزىنى بېغىشلىغان ھۆل تاشتىن،
قوبۇل قىل، ئەي ئەتىكى يۈكسەك قىزىل ئىمارەت!...»
زۇلمەت تىغى سانچىلىپ، ئۆلۈم يۇتتى باتۇرنى
ئۇ كۆرەلىدى ناخشا ئېيتىپ، قىلماي ھېچبىر نادامەت.
ئۇنىڭ ياڭراق ناخشىسى زىندانلارنى تىترىتىپ،
ئۇلۇغ بوران مارشىغا تەڭكەش بولدى ئالامەت...
چىقىپ بوران جۇڭشەندە يەر ـ زىمىننى سىلكىدى،
جاڭنەندىمۇ ئېچىلدى يېڭى سەھنە، قىياپەت.
باھار بىلەن گۈل بولدى يۇخۇاتەيدە تاغۇ ـ تاش،
بۇ، قۇربانلار قېنىدىن گۈل ئۈنگەنگە ئىشارەت.
تارىخ دەڭلار بۇ گۈلنى، ھەر بەرگى بىر ۋاراقتۇر،
سۆزلەيدۇ ئۇ دەۋرىمىنىڭ باش بابىدىن ھىكايەت.
بىز چۇشەندۇق قىزىل گۈل قىزىل قاننىڭ ھوسۇلى،
قۇربانلارنىڭ ئەجرىدۇر بىزنى قۇچقان پاراغەت.
تارىخ بەرگەن ساۋاقلار بىزنىڭ ئەقىل غەزنىمىز،
قوشكېزەكتەك مەۋجۇتكەن جاپا بىلەن ھالاۋەت.
ئۇنتۇمايمىز تارىخنى، چۈشەنگەنچە تارىخنى،
ۋۇجۇدىمىز تولپايدۇ يېڭى كۈچ ھەم پاراسەت.
كۈچىمىزنىڭ يىلتىزى خەلقىمىزگە مۇھەببەت،
ئەقلىمىزنىڭ مېغىزى قىزىل تۇغقا ساداقەت.
ھە، شۇڭلاشقا بىزلەرنى قورقۇتالماس ھېچ ھەيۋە،
ئېزىتەلمەس ھېچقاچان مىڭبىر ھىلە، خوشامەت...

1964 ـ يىل فېۋرال ـ مارت، نەنجىڭ ـ بېيجىڭ

مۇشت كۆتەرمەك سەنلەردە بىزلەر ئۈچۈن نەھاجەت!»
جاللات دەيدۇ: «پۈتكەنمىز ئادالەتنى قانۇندا،
دەستۇر بىزگە ھەرقاچان ئەدەپ، ئىنساپ، دىيانەت...»
باتۇر دەيدۇ: «داغلىما رەزىل نەيرەڭنامىنى،
ھەر قۇرنىڭ ئاستىدا مۆككەن مۇدھىش خىيانەت.
سەن داغلىغان ئادالەت بەردى شۇنداق نەسىۋە،
جاللاتلارغا پاراغەت، گۇناسىزغا تالاپەت.
بىز ئاتلانغان مەيداندا تاشلاپ قۇرۇق خىيالنى،
يالماۋۇزدىن ئىنسانغا كەلمەيدۇ دەپ راپاۋەت.
بەختىمىزنى كۆردۇق بىز ھايات ـ مامات جېڭىدىن،
دۇنيا بىزدە مەدەتكار، تارىخ بىزگە كاپالەت.»
جاللات دەيدۇ: «بۇ سۆزۈڭ قىچقىرىشتۇ ئۆلۈمنى،
باشقا سۆز قىل، بىر جېنىم قالسۇن دىسەڭ سالامەت.»
باتۇر دەيدۇ: «ئويلامسەن سەن ئۆزەڭدە جان بار دەپ،
جان بەرسەڭ، دەپ مۆردىدىن كىم كۈتۈپتۇ ساخاۋەت؟»
ئاغزى كۆيۈپ جاللاتنىڭ، ئىشتا سالدى كالتەكنى —
«دالالەت»تىن نەپ چىقماي، تىغ كۆتەردى جاھالەت.
جاللات ئىلىپ قىنىناقتا دەيدۇ: «قىلدىڭ ئۆزەڭگە،
ۋىدالاشماق پەيتىڭدۇر ھاياتىڭدىن شۇ سائەت.»
باتۇر دەيدۇ: «مەن ئۆلسەم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلىمەن،
قان يىغلاتقاي سەنلەرنى زىممەڭدىكى جىنايەت.
مەن ئۆلىمەن زۇلۇمدىن، تىرىلىمەن شەرەپتىن،
سەن ئۆلسەن گۇنادىن، كۆمۈلسەن نىجاسەت.
سەنلەر بۈگۈن سەكراتتا، ئۈمىدىڭ يوق ئەتىدىن،
ھەر بىر رەزىل قىلمىشىڭ شۇ مەنىدىن ئىبارەت.
بىزلەر ئۆلسەك بىرىمىز، تىرىلىمىز مىڭىمىز،
قىزىل بايراق ۋەتەندە لەپىلدەيدۇ داۋامەت.

## ئاتىمنىڭ نەسىھىتى

سايلىشىپتۇ خەلق سېنى كادىر قىلىپ،
ئۇنتۇما، ئەمگەكچىنىڭ ئوغلانى سەن.
سەن خەلقنىڭ بول ھامان سۆيۈرگىسى،
ھەزىم قىل بۇ سۆزدىكى مەنانى سەن.
سۆپۈرۈپ ئەخلەتنى، خوش قىل ئاممىنى،
تۆر تالاشما، قىل ئورۇن پەگانى سەن.

1976 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

## سىر دىگەن مۇتلەق ئەمەس

سىر دىگەن مۇتلەق ئەمەس، بولغۇسى مەلۇم ئاقىۋەت.
ھەلىلەر چۈمپەردىدىن بولغۇسى مەھرۇم ئاقىۋەت.
شۇم نىيەتلەر يامشار بىر تال پاخالغا كىيە دەپ،
بەردىبىر سۇغا چۆكۈپ، بولغاي بۇرۇقتۇم ئاقىۋەت.
ھەلىدىن قانات ياساپ، ئاسمانغا چىققان نەدە بار،
چىقسا، تىك موللاق ئېتىپ، جەزمەن بولۇر گۇم ئاقىۋەت.

1972 - يىل، ئۆكتەبىر

## سەنئەت باھارى

باھار كەلدى.
گۈلباھار كەلدى،
ۋەتەن قوينى ئىپارغا چۆمدى.
بۇلبۇللار ناخشا ئېيتىپ،
غۇنچىلار كۈلدى.
بايراق ئورەمنى قىلماقتا جەۋلان
قىزىل دولقۇنلۇق دېڭىزدەك خۇددى.

پەيزى قوشتى باھار پەيزىگە
ۋەتىنىمىنىڭ سەنئەت باھارى —
سەنئەت بايرىمى.
باغلار ھۆسنىدە قۇياشنىڭ ئەكسى،
ئېچىلغۇسى ھەممە گۈل تەكشى.
شۇڭا ئىشەنچلىك كۈلگىلى تۇردى
كۆرمەڭلىغان سەنئەت خادىمى.

ئەسلىسەك،
بىزنىڭ سەنئەت بېغىمىز
يولۇقۇپتۇ تالاي جۇدۇنغا —
ئورناشقاندەك بۇ باغ گوياكى
شامال ئاغزىغا،

# زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار

ئۇچتى شەرقتىن تاڭ شامىلى،
ۋادىنى بويلاپ چاچتى ئىپار.
نەغمىچى قۇشلار چالدى مۇقام،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

نۇرغا چۈمۈلگەن گۈلشەن ئارا
ئېچىلۋاتقان گۈلگە قارا،
بىر بىرىدىن ئۈز، قىلدى جۇلا،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

رەڭگى زىيانداشلار يوقلۇنۇپ،
كەتتى جىمى يەر جۇشقۇنلۇنۇپ،
بارىدۇ ئەمدى ئىش ئۇتۇلۇنۇپ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

ئەمدى كارامەت يىل بولىدۇ،
خەلقىمىز ئىشنى گۈل قىلىدۇ،
جەزمەن ھوسۇلمۇ مول بولىدۇ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

1977 - يىل ماي، ئۈرۈمچى

*

مەرھەبا، ئەي سەنئەت باھارى،
سەن بىزنى قۇتقۇزدۇڭ ئاپەت دەستىدىن.
«ئۇھ!» دىدۇق ئەمدى، غەلىبە قازىنىپ
ئەڭ خەتەرلىك جىنلار ئۇستىدىن.
ئېلىپ سەندىن ئىللىق نۇر، ھاۋا،
تېپىپ سولغۇن دەردىگە دەۋا
گۈللەنمەكتە سەنئەت باشقىدىن.

ئەنە، شۇ تاپتا
ماۋجۇشى كۆز ئاتىدىغا كەلدى.
ئۇ كۆرۈپ يېڭى تەنتەنىمىزنى
بىر چاغدىكىدەك زوق ئىلىپ كۈلدى.
ئەنە،
قەدىردان جۇزۇڭلى يۈتىيەنگە كېلىپ،
دىمەكتە يەنە:
يېڭى مۇقامنى
قورقماي، دادىل ئېتىڭلار ئەمدى.
ئەنە،
بىر ياندىن ئېچىلىپ يايراپ،
سېپىمىزگە ياغدۇردى ئالقىش
مۇنبەر ئۇستىدە لۇشۇن ئەپەندى...

سادىغاڭ كېتەي سەنئەت باھارى،
مەپتۇن مەن ساڭا،

ئەنسىز ئورۇنغا.
ھىلىمۇ شۇنچە چىداپ كەپتىمىز
بېشىمىزدا ئويىنلىپ كەلگەن
تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇش قىيىن
ھاقارەتلىك، مۇدھىش ئويۇنغا.

ئىشنى بۇزغان بىر ئوچۇم مەلئۇن
تەتۈر بۇراپ كېمە رولىنى.
بىر مەھەل گويا
«قىلدىن ئىنچىك، قىلىچتىن ئىتتىك»
قىلدۇەتتى سەنئەت يولىنى.
سۇرەتچىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ،
يازغۇچىنىڭ ئۈزدى قولىنى.
ئۇسسۇلچىنىڭ پۇتىنى چېقىپ،
ناخشىچىنىڭ بوغدى گېلىنى.
سەنئەت بېغىنى قىلدى ۋەيرانە
خالىغانچە قىرقىپ گۈلىنى.

بىر ئوچۇملار — تەكتى بۇزۇقلار
تۇغۇلغان ئېكەن ئىش بۇزۇشقىلا.
بىلمەيدۇ بىر ئايۋان قۇرۇشنى،
بىراق ماھىر ئۇرا كولاشقا.
ئۇلار مانا شۇنداق ئۇستىلار.
ناخشىغا ئەمەس،
يارالغان بەلكى
ھە دىسە ھۆرپىيىپ چالۋاقاشقىلا.
راست ئادەمنى «بۆجى» دەپ قوغلاپ
نىملەر قىلمىدى بۇ ئالۋاستىلار؟...

# جاۋاپ چاۋاك

ئېلانچى قىز پەردىنى قايرىپ،
جاكالىدى يېڭى ئېلاننى:
«پىشقەدەم ناخشىچى ... بۈگۈن
ئېيتىپ بېرىدۇ ‹ئازات زامان› نى.»

شۇ ئارىدا سېمىز بىر ئەرباپ
كوتۇلدىدى ئۆرلەپ جۇدۇنى:
«بۇ داشقال يەنە ئېيتامدۇ ناخشا،
كىم چىقاردى سەھنىگە ئۇنى؟»

«كىم چىقاردى؟ ...» دېگەن بىلەن تەڭ،
زال ئىچىدە چاۋاك ياڭرىدى.
راسا ئەرۋايى ئۇچقان ئەرباپنىڭ
سوئالىغا جاۋاپ ياڭرىدى.

ئولتۇرالماي قوزغالدى ئەرباپ،
سېزىپ ئۆزىنى ئازاپ ئىچىدە.
چىقىپ كەتتى كوتۇلدىغانچە،
ئىشىكنى تېپىپ غەزەپ كۆچىدە.

ئەلپازىنى قاراڭلار ئۇنىڭ،
قانچىلىك نىمە،

مەپتۇن شۇنچە مەن.
تىيانشان باغرىدا — سەنئەت بېغىدا
قىلماقتا جەۋلان يېڭى گۈل - چىمەن.
مەنمۇ شۇ باغدا — باھار قوينىدا
ئېچىلىۋاتقان يېڭى غۇنچىمەن.
ئېلىمنىڭ لەكمىڭ شائىرلىرىنى
دېگەيمىز دەستەگۈللار،
مەن بىر تامچىمەن.
مېنى بىر مىسرا شېئىر دەستەگۈللار،
بۇزغۇنچىلارنىڭ رەزىل ئەپتىگە
تارسىلداپ تېگىدىن تارمۇش قامچىمەن.

ئەي سەنئەت باھارى،
سېنىڭ ھاياتبەخش ئىللىق نۇرۇڭدا
سەنئەت بېغى — سەنئەت ياپلىغى،
ئېلىمنىڭ گۈزەل روھىي بايلىغى
بەرمەكتە يېڭى شېرىن مېۋىلەر،
شۇنداق ياخشى ئۈنۈمدارلىغى.
ھاياتىمىزنى تېخىمۇ بېزەش
بىزنىڭ جانىجان كۈرەش بۇرچىمىز،
بۇ بىزگە تارىخنىڭ ئەزگۈ بۇيرۇغى.
بىز باھارنىڭ قەدرىنى بىلسەك،
سەنئەت بېغىمىز ياشنار شۇ قەدەر:
گۈلى ھەققىدە سۆزلەيەي قوياي،
ئالتۇندىن ئىسىل ھەتتا ياپرىغى.

1977 - يىل ماي. ئۈرۈمچى

ئەمدى كالتەك كەلمەيدۇ كارغا،
قالپاقچىنىڭ بازىرى كاسات.

خەلقنىڭ چاۋىگى — خەلق جاۋاۋى،
خەلقنىڭ رايى، خەلق ئىستىگى.
ھەقىقەت كارۋىنى ماڭىدۇ ئالغا،
توسالماس يولىنى تۆھمەت پىستىگى.

1978 - يىل دېكابىر، غۇلجا

زادى كىم ئۆزى؟
قانچىلارنى ئۆسۈپ يىقىتتى،
نىمانداق قالتىس ئۇنىڭ مۆڭگۈزى؟

ئۇ سۆيۈنۈپ سۆزلىگەن ئەمەس
باشقىلارنىڭ تۆھپە ـ ئەجرىنى.
ئۆزىگە رەھمەتنى كۆرمىگەن راۋا،
قىزغىنىپ كەلگەن قۇياش مېھرىنى.

ئۇ قانداقچە قەھرىمان بولغان؟
راستىن ئېيتقاندا، ئادەم قاخشىتىپ.
يىغا بار يەردە كۈلەيدۇ ئۇ،
ئازاپلىنىدۇ قويساڭ ناخشا ئېيتىپ.

خەلقنىڭ رايى ـ سەنئەت باھارى
قىلىۋاتقاندا بۈگۈن تەنتەنە،
پېتىدىن چۈشەپتۇ بۇ ئەرباپ تېخى،
يا يېڭىلەنچۈگى بارمىدۇ يەنە؟

كىمكى خەلقنى سازايى قىلسا
بولىدۇ ئاخىر ئۆزى سازايى.
ئەمەلدار دىگەن ئەۋلىيا ئەمەس،
ھەممىدىن ئۈستۈن خەلقنىڭ رايى.

خەلق چاۋاك چالماقتا بۈگۈن
سەنئەت بۈلبۈلى بولدى دەپ ئازات.

ئۇنىڭ ئالقىشى،
كۈلۈمسىرىشى
ئەۋجىگە چىقاردى سۈرۈپ پەيزىنى،
شېئىر ئۈستىگە شېئىر قوندۇرۇپ.

ئۇ كىم ئىدى دېگەن سوئالغا
شۇنداق مەغرۇر جاۋاپ بېرىمەن:
ئانا ۋەتەننىڭ ئەقىللىق ئوغلى —
قەدىردانىمىز جۇئېنلەي زۇڭلى.
ئۇنىڭ ئۆمرى ئەل بىلەن ھەمدەم،
ئۇنىڭ كۆڭلى — خەلقىنىڭ كۆڭلى.

بىر كەمدىن كېيىن،
يولداش گوشياۋچۇەن ئالدىمغا كېلىپ،
«سېنى زۇڭلى چىللايدۇ» دېدى ...
زۇڭلىنى كۆردۈم بىر ئۆيگە كىرىپ،
مەن ئۈچۈن بۇ خۇددى توي ئىدى.
سىلجىدى ئۇ ماڭا قولىنى كېرىپ،
ئىپتىخار بىلەن تۇتۇپ شۇ قولنى
يۈرىكىم تېخىمۇ ئۇرغۇپ ئوينىدى.

ئاھ، ئۇنىڭ قولى نەقەدەر ئىللىق،
تەبەسسۇمى ئاندىن يېقىملىق.
ۋۇجۇدىدىن چاقناپ تۇراتتى
ئۇلۇغلۇققا خاس كىچىك پېئىللىق.
بىراق، بىئارام قىلاتتى مېنى

## ئۇنتۇلماس مىنۇتلار

ئەسلەيمەن ھەر قاچان شۇ يىل، شۇ ئاينى—
يىگىرمە ئىككى يىلدىن بۇرۇنقى
باھار پەسلىنى؛
شۇنداق مەغرۇر نەپەس ئالىمەن،
قاناتلاندۇرار بۇ نەپەس مېنى.
يايراپ كېتىمەن كۆڭلۈم بولەكچە،
مايسىلار تاپقاندەك باھار ۋەسلىنى.

ئاشۇ باھاردا
پايتەختتە، كەچتە
شېئىر ئوقۇدۇم مۇنبەردە تۇرۇپ.
ھاياجان ئىلكىگە تاپشۇردى مېنى
مىڭلاپ ئادەم چاۋاك ياغدۇرۇپ.
بىر چاغدا ئۆزەمنى ئۇنتۇپلا قالدىم
ئاڭلىغۇچىلار توپى ئىچىدە
قارا قاشلىق، جىلۋىدار كۆزلۈك،
ئاجايىپ بىر ئىللىق چىرايىنى كۆرۈپ.
شۇ ئىللىق چىراي
شېئىرغا مەپتۇن ئاددى جەڭچىدەك
كۈلۈپ تۇراتتى چاۋاكلار ئۇرۇپ.

تالاي مايسىنى،
تالاي كۆچەتنى.
ئۇ قەدىردان
ئەسلىگەندە كېيىنچە مېنى —
بىر چاغلاردىكى «داڭگال» يىگىتنى.
بەلكى دىگەندۇ:
قانچىلىك ئادا قىلالىغاندۇ
ئۇستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتنى...
قەدىردان زۇڭلى،
كەچۈرۈڭ مېنى،
مەن ئانچە ياخشى ئاقلىيالمىدىم
سىز كۈتكەن ئاشۇ ئارزۇ - ئۈمىتنى.

بىراق، بۈگۈن كەلگەندە باھار
ئارىمىزدا يوق
سىز دانىشمەن ئاتىمىز ئەمدى.
سىزنى كۆرۈپ قۇۋانغان كۆزدىن
قايغۇلۇق ياش تۆكىمىز ئەمدى...

قەدىردان زۇڭلى،
ئەسلەيمەن چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن
سېغىنىپ ئىللىق دىدارىڭىزنى.
يۈرىكىم غەزەپتىن بولىدۇ خەنجەر،
ئەسلىسەم تارتقان دىشۋارىڭىزنى.
«تۆت زىيانداش» ئالۋاستى ئاپەت
ئەجەپمۇ ئاياق - ئاستى قىلدىغۇ
ئۇلۇغ ئەجرىڭىزنى — گۈلزارىڭىزنى.

مۇشۇنداق قىممەتلىك دىدار ۋەسلىگە
قانچىلىك لايىق مەن دىگەن خىجىللىق.

ئۇ قەدىردان،
ئاتىلىق مىھرىنى ياغدۇرۇپ ماڭا،
بىر ياقتىن سۆزلىدى.
بىر ياقتىن تىڭشاپ.
«ھە، ئىلىدىن؟ قورغاسلىقمۇ سەن؟
شىئىر يازدىسەن قاچاندىن باشلاپ؟ ...
كۆيلەڭلەر ئۇلۇغ ئىتتىپاقلىقنى،
كۆيلەڭلەر ئۇلۇغ سوتسىيالىزىمنى،
تىيانشان باغرىنىڭ قىزىل سەنئىتى
گۈللىسۇن ياشناپ! ...»

ئۆتتى ئارىدا بىرنەچچە مىنۇت
قىممەت، تەڭ گويا گۆھەرگە.
بەرگەچكە ئىلھام شۇ قەدەر قىممەت،
شۇندا ئايتالاپ ئۇقۇدۇم رەھمەت
ئۇلۇغ رەھبەرگە،
ئۇلۇغ پەدەرگە ...

ئەسلىسەم ئاشۇ باھار پەسلىنى،
ئەسلەيمەن ئاشۇ خوشال مىنۇتنى.
قەدىردان زۇڭلى
مىنۇتلاپ ئەمەس،
ئۆمۈر بويى قىلدى پەرۋەرىش

ئوخشىتىمەن باھار گۈلىگە
سىزدىن ئاڭلىغان دۇردانە سۆزنى.
مېھرىڭىزدەك ئىلھامبەخش باھار
ۋۇجۇدۇمغا بەردى يېڭى كۈچ
ئاقلاش ئۈچۈن ئۈمىدىڭىزنى.
روھىڭىز ئالدىدا قەسەم بېرىمەن:
ناخشامنى ھەمىشە تەككەش قىلىمەن
ئۈزمىزار قىلىشقا ئوكيان - دېڭىزنى.

1978-1979-يىل، ئۈرۈمچى - بېيجىڭ

يول قويمىدى كۈيلەشكە زادى
«تېپتەلەشتۈرۈش» شوئارىمىزنى.
نېمە دېگەن نائەھلى ئۇلار،
يەر بەرمىدى ئالقانچىلىكمۇ
تەكلەش ئۈچۈن مۇنارىمىزنى.

ئاھ، ئۇ ئىشلارنى ئويلىشىمۇ ئازاپ،
چوغ بولۇپ يانىمەن ئويلىغانسېرى.
ئەۋلاتلارنىمۇ سەسكەندۈرىدۇ
تارىخنىڭ بۇ خۇنۇك بەتلىرى.
بىراق، كۆڭلىمىز سەھىپىسىدە
ئىپتىخارلىق داستانى بولۇپ،
چاقنايدۇ مەڭگۇ
جۇڭگونىڭ پارلاق تەسۋىرى.

دولقۇنلار ئۈزۈلمەس قىلىچ چاپقانغا،
ھەقىقەت قارايماس تۆھمەت قونغانغا.
ئۆزىنىڭ يۈزىنى بۇلغايدۇ چوقۇم،
كىمكى تۈكۈرسە قاراپ ئاسمانغا.
پەلەك چاقىنى سالدى ئىزىغا
تارىخنىڭ ھەقىقى قەھرىمانلىرى
يېڭىۋاشتىن چىقىپ مەيدانغا.

قەدىردان زۇڭلى،
باھار كېلىپ ئەسلەتتى يەنە
سېغىندۇرۇپ تېخىمۇ سىزنى.

# شۇم بالا

كالڭ شېڭ قاتارلىق ئالدامچىلا: «سول»—
چىللىق، ناھايىتى بىر باللىق كېسەلى. ئۇ ئانچە
خەتەرلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ نىيىتى توغرا،
دېگەنگە ئوخشاش سەپسەتىلەرنى بازارغا سېلىپ، ئىنتا-
يىن «سول» ئاغمىچىلىقنى پارتىيەمىزنىڭ لۇشيەنى
ئورنىغا دەسسىتىپ، ئاخىرى چوڭ بالايى - ئاپەتلەر
ئۇچۇن دەستەك يارىتىپ بەردى.

بار ئىدى بىر چاغدا شۇنداق بىر بالا،
«سولغاي» كېسەلگە بولغان مۇپتىلا.
ئاڭلىماقتا سۆزى جەڭگىۋار،
بىراق كىشىگە چاپلايتتى يالا.
ھە دېسە، ئۇستاز نامىنى سېتىپ
ئىش كۆردى باشتىچە مۇددىئادىلا.
بىر شۇملۇق سېزىپ ئۇنىڭ پەيلىدىن،
كۆپچىلىك رەنجىپ قىلسا غۇلغۇلا،
دېدى بەزىلەر شۇمتەكنى ئاياپ:
«قىزقۇپ كەتكۈلۈك ئەمەس ئۇنچىلا.
تېخى ئۇ گۆدەك،
نىيىتى توغرا،
زېيىنى چاغلىق،
پايدىسى تولا...»

# بولمىسا

سايرىماس بۇلبۇل قاقاستا، جايى گۈلشەن بولمىسا،
ياشنىماس گۈل پەرۋەرىش قىلغۇچى باغۋەن بولمىسا.
خوش قىلىش مۇمكىنمۇ ئادەمنى غىدىقلاپ كۈلدۈرۈپ،
كىم كۈلەلەيدۇ كۆڭۈلدىن كۆڭلى خۇرسەن بولمىسا.
كىم بىلۇر تۇز قەدرىنى، تارتمايلا قىڭغىر جەۋرىنى،
توغرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ سەھۋەن بولمىسا.
يوق خاتالىقتىن جاھاندا خالى ئىنسان زادىلا،
ئەل كەچۈرگەي قىلغىنىنى ئەلۋەتتە قەستەن بولمىسا.
بەزىلەر بىلمەيدىكەن دائىم بۇزۇشتىن باشقىنى،
ياخشىسى، تۈزسۇن نېرى، تىكلەشكە زوقمەن بولمىسا.
يوق ئەمەس ئەل دۈشمىنى، بولسا قەيەردە ئۇرغۇلۇق،
زورمۇزور دۈشمەن ياساپ يۈرمەيلى دۈشمەن بولمىسا.
ھەممە يۈكتىنمۇ ئېغىر ئادەم ئۈچۈن «مەن»نىڭ يۈكى،
تاغ يۈدۈپ ماڭغۇسى يەڭگىل، كۆڭۈلدە «مەن» بولمىسا.
دادخاھنىڭ دەردىگە دەرمان تېپىلماس ھېچقاچان،
دادگاھ ئەھلى ئۆزى دەرتنى چۈشەنگەن بولمىسا.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ

خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق بالادىن،
كۆزدىمىز كۆرمىسۇن ئۇنى زادىلا.
شۇنداق بالا تۆرەلسە يەنە،
بوغۇپ قويغۇلۇق بۆشۈكىدىلا.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ

بالا بارغانچە ئاشتى ھەددىدىن،
«سىنىڭ راست» دەپ بەرگەچ باشتىلا.
تىللاشنى ئۆگەندى سالام ئورنىغا،
يۇلغىلى تۇردى ساقال بولسىلا.
كىتاپلارنى كۆيدۇردى ھە دەپ،
بۇزدى مازارنى كۆرگەن يەردىلا.
تالاي ئوڭلۇقنى تۇتتى تەتۈر دەپ،
كىيگۈزۈپ باشقا قەغەزدىن كۈلا.
تىنىماي تالاشتى يەلكەن رولىنى،
ئۆگەنگەن ئىدى چۆكتۈرۈشنىلا.
چاقتى تالاي قازان - قومۇچنى،
ساقىنى قۇرۇتتى ئۇ بىر دەمدىلا.
ئۇقەت قىلىشنى «ئازغۇنلۇق» دىدى،
ھەممىنى تىكتى «دەتتىكام»غىلا.
باشقا كىيدى پۈتۈن مەلىنى،
ھېچبىر يەرنى قويمىدى ئالا.
يەنە توغرىمۇ ئۇنىڭ نىيىتى؟
بالا ئەمەسكەن، بەلكى جۇت ـ بالا...
ئاخىرى ئەلنىڭ قەھرى سەل بولۇپ،
چوڭقۇر قايناملغا چۆكتى شۇ بالا.
پەرى سۈرەتلىك يىلان يەنچىلىپ،
كۆڭلىمىز ئورنىغا چۈشتى ئەمدىلا.
بىراق، يوق ئەمەس
شۇمتەكنى ئاياپ،
كۆز ياش تۆكۈپ قىلغۇچى سالا.

كەتسە كۆكلەم نەئىلاج،
قىلدىڭ ئەلەم سەنمۇ كېتىپ.

نېمە دەپ سايراۋىدىڭ
گۈل پەسلىدە گۈلباغدا سەن؟
بىمەھەل تاشلاپ كېتىپ،
كۆڭلۈمنى قويدۇڭ داغدا سەن.

مەن مۇھەببەت گۈلىنى
سولىمايدىغان گۈل دەپتىمەن.
بۇغۇ راست، ئەمما سېنىڭ
كۆڭلۈڭنى مەن بىلمەپتىمەن.

سەن ئۈچۈن ھىچگەپ ئەمەس،
قالغان پۇشايمان ھەسرىتىم.
سۆيگۈ بابىدا ساۋاق
بولسۇن مېنىڭ بۇ ئىبرىتىم.

يار دىگەنگە يارمىدى
كۆڭلۈڭنى كۆڭلى سۆيمىسە.
ئوت ئەمەس، يازدا كۆيۈپ،
قىش پەسلى كەلسە كۆيمىسە.

1979-يىل يانۋار، بېيجىڭ

## بىر قىزنىڭ ھەسرىتى

گۈلباھار پەسلى ئىدى،
كۆڭلۈمدە سەن بۇلبۇل ئىدىڭ.
سەن مېنى گۈللەر ئارا
زەپمۇ چىرايلىق گۈل دىدىڭ.

قامىتىمنى ماختىدىڭ،
يوق قىلچىلىك نۇقسانىمۇ دەپ.
چاچلىرىمنى ئويىنىدىڭ،
سۇمبۇلمۇ دەپ، بوستانمۇ دەپ.

لەۋلىرىمنى غۇنچە دەپ،
تەردىڭلىدىڭ ھەيران بولۇپ.
قاشلىرىم ھىلال كۆرۈنگەن،
كۆزلىرىم چولپان بولۇپ.

ماختىدىڭ كۈلكەمنى سەن،
گويا يېقىملىق ناخشا دەپ.
مېنى سۆيگەنىڭ شۇ چاغدا
سەن نىمانچە ياخشى دەپ...

ئۆتتى ئايلار شۇنچە تېز،
كەلدى خازان پەسلى يېتىپ.

ھوزۇرلاندىم خىيالىدا ئۆزەمچە،
گۈللەر ئارا سېنىڭ بىلەن يۈرگەندەك.

كۆرگىنىدە گۈل بەرگىدە شەبنەمنى،
كەلدى يەنە ھىجران تۈنى ئېسىمگە.
شۇ چاغ گۈلگە شەبنەم قوندى دېگەنتىڭ،
تامغىنىدا كۆز ياشلىرىم مەڭزىڭگە.

لەنەت ئوقۇپ ئاشۇ ھىجران تۈنىگە،
مەن باھارنى تەبرىكلىدىم سەن ئۈچۈن.
مەن سۆيدىم سەن سۆيگەن شۇ باھارنى،
باھار سېنىڭ مۇھەببىتىڭ مەن ئۈچۈن.

مۇھەببىتىڭ سولاشباس گۈل مەن ئۈچۈن،
ئېتىز قىلدىم ئاڭا ئاتاپ كۆڭلۈمنى.
مەن ياش تۆكسەم، يىغلاۋەردى دېمەڭلار،
سۇغىرىمەن يېشىم بىلەن شۇ گۈلنى.

1979 - يىل فېۋرال، بېيجىڭ

## يىغا تۇتتى مېنى يەنە باھاردا

باقنا كىرىپ، قىزىلگۈلدىن ھىد ئېلىپ،
گۈل باھارغا سۆيۈندۈم مەن يۈرەكتىن.
بىراق كۆرۈپ گۈل بەرگىدە شەبنەمنى،
يىغا تۇتتى مېنى يەنە بۆلەكتىن.

ئۇنتۇمايمەن ئاشۇ باھار پەسلىنى،
بىز سۆيۈشكەن ئاشۇ گۈلنىڭ تۈۋىدە.
مۇھەببەتنىڭ ئىككى مىسرا بېيىتى
جەم بولغانتى ئىككىمىزنىڭ لېۋىدە.

باھار خالى ئەمەس ئىكەن دوقالدىن،
سۆيگۈمىزمۇ كۆشەندىگە دۇچ كەلدى.
ھىجران ئىشغال قىلدى ۋىسال بېغىنى،
ئامال قانچە، يۆلەكچىمىز بوش كەلدى.

ئۆرتىنىمەن، جېنىم، سېنىڭ ھىجرىڭدە،
ئەجەل ئەمەس، تۆھمەت ئالدى جېنىڭنى.
نەدە سەن، دەپ كېلەر مېنىڭ چىللىغىم،
ئەپسۇس مەڭگۈ ئاڭلالمايمەن ئۈنۈڭنى.

باھار كېلىپ، كۆرۈپ ئامراق گۈلۈڭنى،
بولۇپ قالدىم خۇددى سېنى كۆرگەندەك.

بىر مەھەل تەتۈر شامالىلار قوزىدى،
چۈشتى ئەجداتلارنى خارلاش بۇيرۇغى.
زەپمۇ ئۇر - ئۇرغا يولۇقتى شان - شەرەپ،
كېيگۈزۈلدى ساختىۇ نەس قالپىغى.

تەلۋىلەر قىلدى گۇمىنداڭنى خوشال،
بۇ ئەلەمنى ئويلسام شۇ تاپتا مەن،
يۈرىكىم چىم - چىم قىلىپ،
ئىچ - ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ ئۇھ تارتىمەن.
ئېيتقىنا، لۇتۇن قېرىنداش نەدە سەن؟
مەن قىياي دېسەم بىرىپ گۈلچەمبىرەك،
ئاختۇرۇپ قەۋرەڭنى نەدىن تاپىمەن؟

بىر قېتىم كۆرگەن چۈشۈمدە،
قاپتىمەن مەنمۇ ئۆلۈپ ئايەم كۈنى.
نەدىدۇ، بىر جايدا ئەرۋاھلار ئارا
قايغۇلۇق ھالەتتە ئۇچراتتىم سېنى.
سەن ماڭا شۇنداق دىدىڭكى:
«گۈللىرىم ئېچىلغىلى تۇرغان ئىدى،
نىمە ئىش، ئەمدى يەنە سولاشقىنى؟»
مەن دىدىمكى:
«مەنمۇ ھەيرانمەن بۇڭا،
قورقىمەن ئېيتىشقا گەپنىڭ راستىنى...»

ئاشۇ چاغدا،
يېنىمىزغا كەلدى بىر ئادەم يېتىپ،
ئۇ كۆرۈشتى شۇنچە ئىللىق بىز بىلەن.

# ل. مۇتەللىپنى ئەسلەپ

ئەسكە ئالغانىتىم بۈگۈن لۈتۈن سېنى
ئاقتى كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلىرىم.
يېڭىراشتىن بولدى چۆپ-چۆپ
تېخى نەمدىن ئەكچىمەي يەڭ-پەشلىرىم.
يىغلىۋەتتى ئىختىيارسىز ئۆزلىرى
مېنى «بەس» دەپ بەزلىگەن يولداشلىرىم.

يادىمىزدا ئاشۇ ئەنسىز كېچىلەر،
مۇما ئۈستىدە پالاقلايتتى گومىنداڭ بايرىقى...
سەن ۋەتەننىڭ قايغۇسىنى كۈيلىسەڭ،
تىلادى باغرىڭنى مۇناپىقلار تىغى.
سېنى نابۇت قىلدى جاللات ھەيدۇقۇپ،
سەن ئادا بولدۇڭ ئەلەمدە تۇنجۇقۇپ.
ئون گۈلۈڭنىڭ بىرسى ئېچىلماي تېخى.

ئاخىرى تاڭلار ئېتىپ،
كەلگىنىدە گۈلباھار پەسلى يېتىپ،
بولدى گۈلشەنگە ئىگە گۈل ئارىغى.
شۇنداق گۈل ئاچقان ئىدى غۇنچەڭ سېنىڭ؛
بولدىكىن نەرىڭ ئۇششۇقچە،
كەلدىغۇ «سول» تەلبىلەرنىڭ تارلىغى.

قەۋرە يوقلاش مەۋسۇمىدە
ئەسلىدىم لۇتۇن سېنى.
سېنى ئەخلەت دىسىمۇ چۆپرەندىلەر،
خەلقىمىز چىن قەلبىدە
ئەتىۋالايدۇ بىلىپ ئالتۇن سېنى.
سەن بېرىپ يىللارغا مەزمۇنلۇق جاۋاپ،
ئارزۇ قىلدىڭ
قىپ-قىزىل نۇرغا جاھان پۈركەنسە دەپ؛
قىلدۇ ئەۋلاتلىرىڭ مەمنۇن سېنى.
بىز چوقۇم شەنىڭگە تىكلەيمىز مۇنار؛
قويىمەن شۇندا مۇنارنىڭ ئالدىغا
شېئىرىيەتتىن راسلىغان گۈل-غۇنچىنى.

1979 - يىلى مارت، بېيجىڭ

بايقىسام ئۇ بابا چىن تەنچىۋ ئىكەن،
بىزگە ئۇ بەردى تەسەللا
ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن:
«نېمە ئىش بولدى زېمىننىڭ ئۈستىدە،
بايقىساق، مەلۇمغۇ، ئۆتكۈر كۆز بىلەن.
چىققىنى مەيدانغا نىجىس ئالۋاستىلار
ئۆزىنى گويا پەرىشتە كۆرسىتىپ،
ئۆزگىچە پەدەز بىلەن.
شۇ مەرەز ئالۋاستىلار
ئۆزگىچە تارىخ توقۇپ، غەۋغا سېلىپ.
مۇشتەللىشىپ سالدى ئۆزىنى ئۆز بىلەن،
يېڭى خەتەر،
لېكىن يورۇقتۇر پەلىمىز،
بەرىبىر ماڭساي ئامال يوق
باشتا ئاچقان ھەم سىنالغان ئىز بىلەن...»

راستىن ئېيتسام، چۈش ئەمەسكەن، كۆرگىنىم،
ئىنقىلاپ ئەجدادىنىڭ قايغۇ-غېمى.
ئاخىرى قىڭغىرنى، توزنى ئايرىدى
ئەمەلىيەت-چىن ھەقىقەت ئۆلچىمى.
يېڭىۋاشتىن چاچتى پارلاق نۇرىنى
دەۋرىمىزنىڭ ئىنقىلاۋىي تەلىمى.
بولدى رەسۋا خەلقى-ئالەم ئالدىدا
شۇم نىيەت ئالۋاستىلارنىڭ ئالدىمى.
بەردى ئەۋلاتلارغا ئىلھام، كۈچ-مەدەت
قايتا ئۆتكەندە شېھىتلار ماتىمى.

## نىمشېھىت خاتىرىسىگە

تۇردى تۇرقۇڭ غەزەلدەك كۆزۈ كۆڭلۈم ئالدىدا،
مەن تېخى لال سەن كەبى شېئىرىي تەكەللۇم ئالدىدا.
بۇندا باشلامچى ئىدىڭ سەن مەرىپەت ئەشئارىغا،
يېڭىچە سەنئەتتە نامىڭ بولدى مەلۇم ئالدىدا.
زومىگەر قۇززات يولۇقسا ھىممىياتىڭ قەددىدەك،
ئېگىلەتتىڭ يا كەبى دەپسەندە مەزلۇم ئالدىدا.
باشقىچە جەۋلانغا كىردى قەلىمىڭ، ئاتقاندا تاڭ،
دىمىدىڭمۇ جەڭگىۋار كۈيگە قوشۇلدۇم ئالدىدا.
قىبلە قىلدىڭ كەبىتۇللادا ئانا يۇرتۇڭنى سەن،
بىزگە مەلۇم تۇرغىنىڭ قانداق تەرەننۇم ئالدىدا.
كۈيلىدىڭ گويا مۇقامنىڭ نەغمىسىدەك جىلۋىدار،
بىز ھامان مەپتۇن ئىدۇق ھەر بىر تەرەننۇم ئالدىدا.
تۈت زىياندىش قىلدى گۆھەرنى گويا ئەخلەتكە تەڭ،
ئېيتقۇسىز دەپسەندە بولدۇڭ بىر ئۇچۇم شۇم ئالدىدا.
خەستە ھالىڭنى بېرىپ يوقلاي دىسەم، مەن بەنت ئىدىم،
گەر كۆرۈشسەم سۆز قىلالايتتىمۇ مەھكۇم ئالدىدا.
قۇترىغان چاغدا جۇدۇن، بولدۇڭ بۇ ئالەمدىن جۇدا،
ۋاي، ئىسىت، كەتتىڭ گۇناسىز ياخشى مەۋسۇم ئالدىدا.
شېئىرىيەت گۈلزارىدا تۈزمايدۇ ئەجرىڭ ھېچقاچان،
بىز بىلەن بىللە يەنە، بولساڭمۇ مەرھۇم ئالدىدا.

1979 - يىل

## كۆچەت

بۈگۈنكى شۇ باراقسان دەرەخ
كۆچەت ئىدى تۈنۈگۈن تىككەن.
بۈگۈنكىلەر سايىدىسۇن دەپ،
تۈنۈگۈنكىلەر ئەجرىنى تۆككەن.

سايىداپ تۇرۇپ ئەسلىگەن چاغدا
كۆچەت تىكىپ ئۆستۈرگۈچىنى،
ياخشى ئەۋلات ئۇنتۇمايدۇ ھېچ
ئۆزىنىڭ كۆچەت تىكىش بۇرچىنى.

1979 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

كوچىلاش ھەردەمنى خسلەت مەن ئۈچۈن،
بولدى چوڭ دەسمايە تۆھمەت مەن ئۈچۈن،
ئۆزگىگە زەخمەت ھالاۋەت مەن ئۈچۈن،
ئەمدى بۇ يوللار تاقاق، قانداق قىلاي!

شوتا بولدى ھەر قېتىم ھەركەت ماڭا،
يوقۇرى ئۆرلەشكە ئەپ پۇرسەت ماڭا،
بولدى بالداق كىم كۆرۈنسە سەت ماڭا.
ئەمدى بالداقلار تاياق، قانداق قىلاي.

سۇ بوگۈرتۈپ مەن سامانىنىڭ ئاستىدىن،
ئەنزە تۇغ ۇردۇم تالايلار ئۈستىدىن.
بولدى ئەل بىزار بۇ قىلمىش دەستىدىن،
قىلدى يۈزۈمنى شالاق، قانداق قىلاي.

قىلمىشىم چانغاندا بەزى بەلگىدىن،
باشقىغا دۆڭگەپ قۇتۇلدۇم زەربىدىن،
ئالدىدا كەلدىم يەنە مەن بەيگىدىن،
ئەمدى لەت بولدۇم بىراق، قانداق قىلاي.

مەن بىلەن كىم بولسا دوست، ساق قالمىدى،
بەرگە سۈرتتۈم قارا، ئاق قالمىدى،
بەزمىگەن ھىچقايسى ئايماق قالمىدى،
بوپتىمەن ئىتقا يالاق، قانداق قىلاي.

ئەمدى يوق ئىلگىركىدەك ئالچاڭلىماق،
نەدە ئەمدى تۆرده ماموق، باش تاۋاق؟

# قانداق قىلاي

(ئالدامچىنىڭ نالىسى)

بولمىدى، ئىشلار چاتاق، قانداق قىلاي،
چۈشتى ئالدىمغا تۇساق، قانداق قىلاي.
«سول» چىلىق رەڭۋازلىغى بولدى كاسات،
ئەمدى مۈشكۈل، ئالدىماق، قانداق قىلاي.

بىر مەھەل ئوبدان بازار تاپقان ئىدىم،
قانچىلارنى مايمۇن ئويناتقان ئىدىم،
لېيىتىپ سۇنى، بېلىق تۇتقان ئىدىم،
ئەمدى ئالدىم شۇم ئاتاق، قانداق قىلاي.

ھەددىسە «گۆھەر كىتاب» نى پەش قىلىپ،
ھەم توقۇپ يالغاننى ئەپلەپ راست قىلىپ،
خېلى ئىشنى بۇزدۇم ئەلنى مەس قىلىپ،
ئەمدى ئالدىدا سوراق، قانداق قىلاي!

مەن قۇرۇپ بۆلگۈنچىلىكنىڭ دامىنى،
گەپ توشۇپ، دەي - دەيگە سالدىم ئادەمنى،
يايرىدىم ئەلنىڭ بۇزۇپ ئارامىنى،
ئەمدى ئەۋزەل ئىتتىپاق، قانداق قىلاي.

# كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل

(بىر دوستۇمنىڭ ئەسلىمىسى)

كۆرۈۋىدىم چۈشۈمدە بۇلبۇل،
مۇنداق تەبىر بەردى بەزىلەر:
«ياخشىلىق بار ساڭىمۇ چوقۇم،
تۈزۈلىدىكەن خاتا ئەنزىلەر.»

بەزى چاغدا بېرىدۇ ئارام
دەرتىمەن ئۈچۈن مۇنداق تەسەللا.
بىراق شۇ كۈنى بىر پىشكەل كېلىپ،
سولاپ قويدى سولاش ئۈچۈنلا.

بۇلبۇل كۆرۈپ (ھەلىمۇ ياخشى)،
ئېلىنىپتىمەن سولاقتا ـ بەنتكە.
ھۆپۈپ كۆرگەن بولسام چۈشۈمدە،
كېتىدىكەنمەن چوقۇم لەھەتكە.

1973 - يىلى يېزىلغان،
1980 - يىلى تۈزىتىلگەن

ئۆلگىچە سوقتان زىيادە تىلىك تاماق،
بولدى بۇرنۇمدىن بۆلاق، قانداق قىلاي.

كۆتمىگەندە زەپمۇ چىقتى ئەيجىغىم،
ئاخىرى ئەسقاتمىدى قىزىل چوقمىغىم.
كارغا كەلمەس بولدى قاپقان-قىلتىغىم،
كۆپچىلىك ئايتىۋ ساۋاق، قانداق قىلاي!

ھەسرەتتا، كەتتى قىزىلۇمدىن ئامىتىم،
سارغىيىپ رەڭگىم، پۆكۈلدى قامىتىم،
كۆلكە بولدى ھەممىگە بۇ ھالىتىم،
يازسا شائىرلار قوشاق، قانداق قىلاي.

1979 - يىل سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ياشىدى يېڭى جۇڭگو خوشامەتسىز،
قىلمىدى قىلچە ئاھۇ - نادامەتمۇ.

بولغاچقا كومپارتىيە بايراقدارى،
بولدى ئەل ئىلگىرلەشنىڭ زەربىدارى.
نامايەن بولدى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ
ھەممىگە قادىر ئۇلۇغ ئىقتىدارى.

بىراق بىر ئالغا قاراپ ماڭغان ھامان،
قۇتراشتى ئاغمىچىلار قوزغاپ تومان.
چىقاردى توغرا ئىزدىن تالاي ئىشنى،
خۇن قىلدى تەتۈر قىيناپ خېلى زامان.

ھەممىدىن ئېزىتقۇنىڭ كاساپىتى،
تولىمۇ جانغا پاتتى تالاپىتى.
تاس قالدى شۇ بالادىن ئۆرۈلگىلى
مۇقەددەس سوتسىيالىزىم ئىمارىتى.

ئېزىتقۇ تەلۋىلەرنىڭ ئاخماقلىقى،
كۆرسەتكەن يوللىرىنىڭ تايغاقلىقى...
سېلىشتى ھەممە ئىشقا ۋەيرانچىلىق
بۇزۇشقا خۇشتارلىقى، ئامراقلىقى.

تەلۋىلەر تەلۋىلىكنى جۈرئەت دېدى،
تۆھپىنى، شان - شەرەپنى لەنەتلىدى.
ھە دېسە قىزىل كالتەك بولۇۋېلىپ،
كۆنمىگەن ئادەمگە كۈن كۆرسەتمىدى.

# ئوتتۇز يىل

كالىندار يىرتىلىپ كۈن ئۆتكەنسېرى،
باللار چوڭ بولدۇ، چوڭلار قېرى.
ئوتتۇز يىل دېگەن رەقەم قانداق ساناق؟
بۇ، سەل كەم بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى.

ئوتتۇز يىل — ئەسىرىمىزنىڭ كەڭ تېمىسى،
قىممەتلىك ساۋاقلارنىڭ چوڭ قامۇسى.
مەزمۇنى ئۇنىڭ شۇنچە خاسىيەتلىك؛
بۇ دېمەك، يېڭى جۇڭگو يىلنامىسى.

كىم ئېيتسۇن ئوتتۇز يىلنى بىھۇدە دەپ،
بىھۇدە دېمەك ئۆزى بىھۇدە گەپ.
ياشىدى يېڭى جۇڭگو كۆكرەك كېرىپ،
چوققىدەك يەرنى قۇچۇپ، كۆكنى تىرەپ.

پىشكەللىك دۇچ كەلسىمۇ ھەرقەدەمدە،
خەتەرلەر قورشىسىمۇ كەڭ كۆلەمدە.
ئۆكسىمىدى، چېكىنمىدى يېڭى جۇڭگو،
سولمىدى قالغاندىمۇ قايغۇ-غەمدە.

نامەرتلىك قىلغىنىدا تەبىئەتمۇ،
دان تۇتماي قۇرۇلغاندا زىرائەتمۇ.

شۇڭلاشقا كېلىچەكنىڭ گۈلزارىدىن،
كەلمەكتە گۈپۈلدەپ خۇش پۇراق بىزگە.

بۇ ئەۋلات چوڭ يۈرۈشكە جاۋاپكارمىز،
قەيەر تۈز، قەيەر ئوي - دۆڭ، خەۋەردارمىز.
ئېزىتقۇ تەلۋىلەرنىڭ كۇرسى چۈشتى،
شۇڭلاشقا كېلىچەكتىن ئۈمىتۋارمىز.

ئەڭ قىممەت ساۋاق شۇكى، راست سۆزلىمەك،
بىرنى بىر، ئىككى بولسا ئىككى دېمەك.
شۇ خىسلەت ھاكىم بولسا، لەت بولىدۇ
چېقىمچىۇ ھەرقانچە چوڭ مەككار كەمەك.

ئانىجان جۇڭخۇا ئېلىم ئۇلۇغ ئەلسەن،
ۋە لېكىن تېخى يەنە كەمبەغەلسەن.
توقۇزۇڭ تەل بولىدۇ چوقۇم، لېكىن
بىرىدىسەن شۇڭغىچىلىك جىق بەدەل سەن.

غەم يەيدۇ پەرزەنتلىرىڭ سېنىڭ ئۈچۈن،
قۇدرەتلىك، باي ھەم گۈزەل كۈنىڭ ئۈچۈن.
بىر ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ مەنىسى شۇ
ياشايمىز، چېلىشىمىز شۇنىڭ ئۈچۈن.

1979 - يىل ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

قىستىدى چارچىغاننى دۆڭگە چاپ دەپ،
زورلىدى مۇزلىغاننى مۇزدا يات دەپ.
ماختىدى كۈرەشچان دەپ كۆيدۈرگىنى،
داغلىدى خۇراپاتنى كەشپىيات دەپ.

ئېغىزدا ھەممە مىللەت باراۋەر دەپ،
ئەمەلدە ئاز سانلىقنى بەچچىغەر دەپ.
بوغۇشتا جىياڭ باندىتتىن قىلىشمىدى،
مىللەت كۆپ بولۇش ئەلگە دەردىسەر دەپ.

ۋادەرىخ، بۇ شۇملۇقنى ئويلىغانچە،
يۈرەكتە يالقۇنجايدۇ غەزەپ شۇنچە.
ئىنقىلاپ ئويۇن بولدى تەلۋىلەرگە،
دەپسەندە قىلىغان بارمۇ ئەلنى مۇنچە؟

بۇ ئىشقا تارىخ جاۋاپ بەردى ئاخىر،
قىزىل تۇغ تەلۋىلەرنى ئۇردى ئاخىر.
خەلققە يەتمىش بەشنى كۆرسەتكەنلەر
ئۆزلىرى سەكسەن بەشنى كۆردى ئاخىر.

قايتىدىن باھار كۆردۇق شۇندىن بېرى،
يولىمىز داغداملاشتى بارغانسېرى.
ئېلىمنىڭ تەشناسىغا بەردى شەرۋەت
جانىجان پارتىيەمنىڭ چوڭ تەدبىرى.

كۈچ بەردى ئوتتۇز يىللىق سىناق بىزگە،
جىق ئەقىل بەردى ئاچچىق ساۋاق بىزگە.

«بۇنداق قەلەمنى تىزتقان كىشىنى،
كىم ئىشىنەر ئۆلىما دەپ.
ھۆنىرىدە بولۇپ باقمىغان
بۇنداق شەرمەندە، يامان ھادىسە.»

ئاشۇ ئەلەم..ھەسرەت ئىچىدە
داغ چۈشۈردۈم دەپ سەنئەت شەنگە،
ئاسمان پەلەك ئېگىز چوققىدىن
تاشلاپتۇ ئۆزىنى دېڭىزچى كۆلگە.

ئاھ، ئىسسىت،
شۇنچە ئېسىل سەنئەتكار
ئاتىدۇ ئۆزىنى كۆلگە نېمىشقا؟
ئۇنىڭ دىلى نېمانچە نازۇك،
ئۆلۈۋالامدۇ شۇنچىلىك ئىشقا؟

بىراق، ۋۇ شىجاڭ شۇنداق دېمەكچى:
نومۇس كۈچى ھۆكۈمدىن يامان.
مۇقەددەس ئىش..سەنئەت بابىدا
قىلچە سەھۋەنلىك ئۆلۈمدىن يامان.

1980 - يىل مارت، كۇنمىڭ

# ۋۇ شىجاڭنىڭ ئۆلۈمى

غەربىي تاغدىكى يۈكسەك راۋاق *نى
ھەم ئەسىل نەقىش، ھەيكەللىرىنى
كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالغانلار ئازمۇ،
يەتكۈزەلمەي ئەقىللىرىنى.

راۋاق تاملىرى، ھەيكەللىرىنىڭ
ياسالغان تۇتاش ئۇيۇلتاش تاغدىن.
تىك-بەش ئەۋلات ئۇستا ئۆتۈپتۇ
تا پۈتكىچە باشلانغان چاغدىن.

ۋۇ شىجاڭ ئاتالغان قىزىل گۈل ئۇستام
بىر ئۆلىماغا ھەيكەل تۇرغۇزۇپ،
شۇنداق ئەپلىك پۈتكۈزۈپ، بىراق
تىراقتەك جايىنى قويۇپتۇ بۇزۇپ.

ئۇقسان شۇكى،
چىلتا بوپ قاپتۇ
ئۆلىما تۇتقان قەلەمنىڭ ئۇچى.
بۇنى تۈزەشكە ئامال بولمىغاچ،
ئۆرتىنىپتۇ ئۇستامنىڭ ئىچى.

* كۈنمىڭدىكى غەربىي تاغنىڭ ئىگىز چوققىسىدا «داتيەنكې» راۋىغى، پەستە دىيەنچى كۆلى بار.

نەمشقا تاش تۇرماندا هازىرغىچە
ياڭرايدۇ ئاسىيانىڭ نامى-ئېتى.
ئۆلمەيدۇ پاك ئاشىقنىڭ روھى هەرگىز،
ئۆچمەيدۇ هەرگىز ھۆرمەت-ئىناۋىتى.

1950 - يىل مارت، كۆنەمەك

## ئاسمانىڭ قىياپىتى

تاش ئورمان ئارىسىدا بىر تاش كۆردۈم،
ئوخشايدۇ بىر باتۇرغا قىياپىتى.
يادىمغا كەلدى شۇ ئان سانىلارنىڭ
ئاسما ھەققىدىكى رىۋايىتى*.

ئاسما — گۈزەل، باتۇر سانى قىزى،
چىن ئىكەن ئاشىقىغا ساداقىتى.
ئېگىلمەي ئالۋاستىنىڭ ھەيۋىسىگە
ئايلانغان تاش چوققىغا مەغرۇر پېتى.

پاك بولسا ئاشىقلارنىڭ مۇھەببىتى،
غالىپتۇر ئىرادىسى، جاسارىتى.
بەربىر كارغا كەلمەي لەت بولدۇ
ھەرقانداق ئالۋاستىنىڭ كارامىتى.

---

*يۇقىرىدىكى تاش ئورمان ئەتراپىدا ياشايدىغان سانى خەلقىنىڭ رىۋايىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئاسما دېگەن گۈزەل قىز ئۆز سۆيگۈسىگە سادىق بولۇپ، ئالۋاستىلارنىڭ ھەيۋىسىگە تىز پۈكمەي، ئاخىرى ئۆزى تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئىكەن. سانى خەلقى ھازىرمۇ تاش ئورمان ئىچىدىكى ئاسمانىڭ قىياپىتىگە ئوخشايدىغان تاش چوققىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، خۇددى ھايات ئادەمنى تولۇقلىغاندەك، «ئاسما!» دەپ توۋلاپ، بۇ قەھرىمان سادىق ئاشىق قىزغا بولغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىدىكەن.

جاۋاب، سادا كەلدى شۇ چاغدا
«مەن ماركسىزمنىڭ يېنىمدا» دېگەن.
دېمەك، ئۇ ئۆلمەس قەھرىمان،
چۈنكى
ئالۋاستىغا بويۇن ئەگمىگەن.

1980 - يىل مارت، كۆنىمك

# سادا

تاش ئورماندا قىرندۇم بىر كېچە
يېلداش شاۋچى قىرنغان ياتاقتا.
قارا باستى دىمەڭلار ھەرگىز،
ئوخلىيالىمىدىم ھەسرەت.. پىراقتا.

يۈرەكلىرىم ئېچىشتى، كۆيدى،
مۇدھىش يىللار چۆشۈپ يادىمغا.
بىر چاغلاردا شۇ ئۆيدە تۇرغان
ئۇلۇغ سىما كەلدى ئالدىمغا.

بىراقتا بۇ خىيالىم ئىدى،
تىت-تىت بولۇپ چىقتىم تالاغا.
دەل شۇ چاغدا قۇلىغىم چۈشتى
«ئاسىما!» دىگەن ياڭراق ساداغا.

ئىختىيارسىز تۇۋلىدىم مەنمۇ
تاش ئورماننى كېزىپ، ئايلىنىپ.
«يولداش شاۋچى!
سىز نەدە؟
ياكى
كەتتىڭىزمۇ، تاشقا ئايلىنىپ؟؟»

# چال ئوغلۇم

ئەسلىسەم،
قولىغىمنىڭ تۈۋىدىلا
ياڭرايدۇ بىر چاغدىكى داقا ـ دۇمباق.
ئاۋازى ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك،
نە ئامال، ئۇ چاغدىكى يوسۇن شۇنداق.

ياڭرىتىپ داقا ـ دۇمباق،
ئېلىپ چىقتى
مېنىمۇ «ياچېيكا» دەپ سازايىغا.
كۆرسىلە، سۇنايچىسى ئوغلۇم ئىكەن،
تونۇدۇم بىر قاراپلا چىرايىغا.

ئۆزۈمنى تۇتالماستىن كۈلۈپ كېتىپ،
دەپتىمەن:
«نېمە ئىش بۇ؟ تووۋا ـ تووۋا...
چال ئوغلۇم،
ئاتا ـ ئاناڭنىڭ تويىدىمۇ
مۇنچىلىك قىزىمىغان نەغمە ـ ناۋا.»

شۇ سۆزمۇ بېشىمغا بىر بالا بولدى،
ئۆلمىدىم،

## كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا

مۇسانىڭ بۇ يىل كەيپى بۆلەكچىلا،
ئېتىزدا سول ئېلىش ياش يىگىتتەك.
ناخشىمۇ ئېيتىدىغان بولۇپ قالدى،
سۆزىمۇ دانە-دانە، ساپ ئۆگۈتتەك.

بەزىلەر دېيىشىدۇ: «نېمە ئىش بۇ؟
ئىلگىرى مۇنداق ئەمەس ئىدى مۇسا!...»
ھەي!...
نەدە بار قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرغان،
كانايدىن ئۈن چىقامدۇ ياغلىمىسا.

1980 - يىل باھار، ئولكچۈن

# ئارچا

ئارچىغا سوئال قويدۇم زوقلىنىپ:
«نىچۈن دائىم ئىللىق پۈراپ تۇرىسەن؟
يازدىمۇ ئەسلا،
ھەتتا قىشتىمۇ
ياپ - يېشىل بولۇپ يايراپ تۇرىسەن؟»

جاۋاپ بەردى ئارچا شىۋىرلاپ:
«ياشايمەن تۆرەلگەن يەرنى قۇچاقلاپ.»

چۈشەندىم ئارچا خىسلىتىڭنى مەن،
چۈشەندىم تۇرقۇڭنىڭ ئالىقلىغىنى.
چۈشەندىم ھەتتا تۇتۇنلىرىڭنىڭ
شىپالىق، ئەترۇا ئىسرىقلىغىنى.

1980 - يىل ئاۋغۇست، چىڭگىل

پېقىر يەنە ئامان قالدى.
بىراقتا، ئوغلۇم رەجەپ شۇندىن بۇيان
سۇنايىنى تاشلىۋېتىپ يامان قىلدى...

١٩٨٠ - يىل باھار، تۇرپان - ئۈرۈمچى

# تېۋىلغا

ھەقىقەت ئېگىلەر، سۇنماس،

— خەلق ماقالى

سۆز ئېچىپ ياغاچلارنىڭ خىسلىتىدىن،
زوقلىنىپ ماختاشقاندا تېۋىلغىنى؛
كىم بىرسى ئۇنى ئۇسال ياغاچ دېدى،
ئەمەسمۇ ياخشى خىسلەت ئېگىلگىنى.

ياق، ئۇنىڭ ئېگىلگىنى ئەيىپ ئەمەس،
گەپ شۇندا — ئېگىلىشكە بەرداشلىقى.
تارتقىنى زوقىمىزنى شۇكى، ئۇنىڭ
ھەقىقەت تەسۋىرىگە ئوخشاشلىقى.

1980 - يىل ئاۋغۇست، چىڭگىل

# كەۋسەر

چوڭ چىڭگىل يايلىغىنى كېزىپ يۈرۈپ،
ئۇسسىدۇق دەپ بىر كىگىز ئۆيگە كىرسەك؛
«ھە، قېنى كەۋسەر» دېگەن ئىدى بىرسى،
ئەپكېلىپ قېمىز قۇيدى بىر كېلىنچەك.

قېمىزدىن لەززەتلىنىپ، شۇڭا ئۇنى
«كەۋسەر» دەپ ئاتايدىكەن دەپ قاپتىمەن.
قىزدىرىپ كەتتىڭ، دېسە بىرسى ماڭا،
«كەۋسەر»نىڭ تەپتىغۇ بۇ، دەپ ساپتىمەن.

شۇ سۆزدىن كۆتىرىلدى ئۆيدە كۈلكە،
قىزاردى ئۇزكېلىنچەك مەندىن بەتەر.
كىم بىلسۇن، ئۇنىڭ ئېتى كەۋسەر ئىكەن،
شۇ سۆزنى دېيەتتىم يەنە بىلسەم ئەگەر.

1980 - يىل ئاۋغۇست، چىڭگىل

# موزاي بىلەن تۈلكە

تۈلكە كۆرۈپ باغلاقتىكى موزاينى،
قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ، تولغۇنۇپ.
«ۋاي بىچارە، — دېدى، — ساڭا نېمە كۈن،
قالغانىمدىڭ بوغۇلۇشقا تۇغۇلۇپ؟»

«ئامال قانچە، — دېدى موزاي جۈرسىنىپ، —
شۇنداق بىرار بولدۇمكى بۇ باغلاقتىن…»
«ئۇنداق بولسا، — دېدى تۈلكە، — مەن ساڭا
ياردەم قىلىپ قۇتقۇزاي بۇ قىيناقتىن.»

«شۇنداق قىلساڭ، — دېدى موزاي يالۋۇرۇپ، —
شۇ ئەجرىڭگە ئوينىتاي مەن مىندۈرۈپ.»
تۈلكە شۇئان يېشىپ ئۇنى باغلاقتىن،
مىنىۋالدى ئوبدان پەيتنى كەلتۈرۈپ.

كەلدى ئۇلار بىر بىدىشنىڭ ئاستىغا،
موزاي ياپراق يېدى، تۈلكە ئۈستىدە.
نەدىن بىلسۇن موزاي، ئۇنى «نىجاتكار»
شوتا قىلدى ئۈزۈم يېيىش قەستىدە.

موزاي ياپراق يالماش بىلەن ئاۋارە،
تۈلكە يېدى ئۈزۈملەرنى تويغىچە.

## يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ

يەردە بىللە ئىشلىگەندە ئىككىمىز،
ھەممە خەق زوقلانغۇدەك ئامراق ئىدۇق.
ئېيتىشاتتۇق بىللە مۇڭلۇق ناخشىنى،
شوخ - خوشال كۈيلەرگىمۇ ئورتاق ئىدۇق.

كۈتمىگەندە مەرتىۋەڭ ئۆستى سېنىڭ،
تايلىق، ئەسقاتتى تاغاڭنىڭ ياردىمى.
كۆرمىدىم شۇندىن بېرى ھەم باقمىدىڭ،
سەن بولۇپ ئايرۇپىلاننىڭ ئادىمى.

ئەمدى بىلدىم، شۇڭا باقماپسەن ماڭا،
يەردە بولغاچقا ھامان ئورنۇم مېنىڭ.
سەن ئۆزەڭ ئاسماندا تۇرساڭ غادىيىپ،
قارىسام، ئاغرىيدىكەن بوينۇم مېنىڭ.

*

يەرنى ئاسماندا كۆرۈپ پەس چاغلىماڭ،
چىققىدۇ ئاسمانغىمۇ يەردىن كىشى.
ئالدۇ قايتىپ يەنە يەردىن ئوزۇق،
يەرگە باغلىق خەلقى ئالەمنىڭ ئىشى.

1981 - يىل ماي، ئۈرۈمچى.

## «قىز قوۋار»دا

نۇرتاينى تارتتى كۆلەش «قىز قوۋار»غا
ئاتلاندى ھەر ئىككىسى قۇشتەك ئۇچۇپ،
كۆرۈندى يىراقلىشىپ بىر گەۋدىدەك،
كىم بىلسۇن ئىپلىشتى كىم-كىمنى قۇچۇپ.

بىر چاغدا بۇرۇلدى-دە، قاچتى نۇرتاي،
كەينىدىن قامچا ئويىنىتىپ كۆلەش سۇردى.
گويا كى قساسكاردەك تۇسكە كىرىپ،
يىگىتنىڭ دۈمبىسىگە قامچا ئۇردى.

كۆلەشنىڭ ئۇرغىنىدىن يايراپ كۆلۈپ،
بىر تەرەپ چۇقۇراشتى «تازا سال»دەپ.
بىر تەرەپ ئىچ ئاغرىتتى نۇرتاي ئۇچۇن،
«بولدىغۇ بىچارىگە بەك ئۇۋال» دەپ.

شۇ تاپتا مەلۇممىدۇ كۆلگەنلەرگە
كۆلەشنىڭ يۈرىگىنىڭ ئىچىشقىنى.
يۈرمەكلار نۇرتايغىمۇ ئىچ ئاغرىتىپ،
بېسىلدى دۈمبىسىنىڭ قىچىشقىنى.

1981-يىل ئىيۇل، ئالتاي

چېچىلغاننى ئاتا قىلىپ موزايغا،
تىكىۋەتتى بىرەر شەپە بولغىچە.

ئۇزۇن ئۆتمەي كېلىپ قېلىپ خوجايىن،
بولۇشىچە يىدى موزاي دۇمبانى.
ئۇقماي ئۇرۇپ موللا قىلىپ بولارمۇ
گۇنايىنى بىلەلمىگەن جانۋارنى.

1981 - يىل 20 - ماي، بېيجىڭدە

# يۇرتۇمنى كۆرۈپ دېگەن گەپلىرىم

ئەي قەددىجاي،
قورغاس بويلىرى —
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق،
سېنى سېغىنىپ كەلدىم يىراقتىن،
ھاياجاندىن «تەنلىرىم ياپراق».

•

ياش ئەگىگەن كۆزلىرىم بىلەن
باغرىڭغا تويماي قاراۋاتىمەن.
ئۇچۇمۇمغا توپاڭنى ئېلىپ،
چوڭقۇر تىنىپ پۇراۋاتىمەن.

شۇ تاپتا ساڭا تامغان ياشلىرىم
ھالگە بەرگەنمىدۇ كىندىك قېنىمدىن.
ياكى سېنى پۇرىغان چاغدا
تونۇغانسەن تىنىقلىرىمدىن.

يا رەڭگىمگە قاراپ، تىڭىرقاپ،
بۇ چاساقال كىمدۇ دېدىڭمۇ؟
يا ئاۋازىم پەدە چاققاندەك —
جىغىلدىسا، تونالىمىدىڭمۇ؟

## ئەنشى* قىزغا

ئىچىمدە بىر ناخشىنىڭ ئاۋازى بار،
يۈرىكىم ئايلاندىمۇ ئۈنئالغۇغا.
شۇ ئەننىڭ ۋەزنى بىلەن تولغىنىمەن،
ئۈرۈلۈپ ئاشىقلارچە مۇڭ ـ قايغۇغا.

سورايسەن مۇڭ ـ زارىمنىڭ سەۋەبىنى،
چۈشەنسەڭ، بىر چاغدىكى ئەن** ئەمەسمۇ.
«ئىچىڭگە جىن كىردىمۇ» دەيسەن تېخى،
ئەن بىلەن كىرىپ ئالغان سەن ئەمەسمۇ.

1981- يىل ئىيۇل، ئالتاي

* ئەنشى — قازاقچە ناخشىچى دىگەن سۆز.
** ئەن — قازاقچە ناخشا دىگەن سۆز.

ھارۋا ھەيدەپ سەيسگە ماڭغان.
چاك كەتكەندە ھارۋا شوتىسى،
تەمتىرەپ يۈرۈپ پوتامدا تاڭغان.

مەن ئەمەسمۇ،
رەگەتكە بەتلەپ
سىپىل - پوتەيگە ئېتىپ ئوينىغان؛
نان - چاي توشۇپ پارتىزانلارغا،
چوماق كۆتىرىپ «ھۇررا» تۇۋلىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
قانچە قىلسىمۇ
زاھىت يولىغا زادى ماڭمىغان؛
«پوشكالچى بولغۇم كەلمەيدىكەن» دەپ،
خەلپىتەمدىن قارغىش ئاڭلىغان:

مەن ئەمەسمۇ
لۇتۇننى دوراپ،
قىزىل تۇرغا تەلپۈنۈپ ماڭغان؛
پەرۋا قىلماي سوغاق كۈلكىگە
شېئىرىيەت ئىشقىدا يانغان.

مەن ئەمەسمۇ،
ئادەملىگىمنى
چۈشەنگەن سىنىڭ پەرۋىشىڭ بىلەن؛

مەن ئەمەسمۇ،
بىر چاغدا سەندە
تال چىۋىقنى ئات قىلىپ مىنگەن.
داقىراتما لەگلەك ئۇچۇرۇپ،
ئاسمىنىڭدىن ئۈن ئاڭلاپ كۈلگەن.

مەن ئەمەسمۇ،
«بويناق»نى باشلاپ،
چىغلىقلاردا توشقان قوغلىغان؟
«چاقام - چاقام، يىلان - پاقام» دەپ،
قاينىملارغا تاقلاپ شۇڭغىغان.

مەن ئەمەسمۇ،
بىنەملىكلەردە
تەتۈر قاماپ ئوما ئورۇغان.
چوڭ كىشىدەك،
ئاكامنى دوراپ،
ئاياق سېلىپ خامان سورۇغان.

مەن ئەمەسمۇ،
مەكتەپلىرىڭدە
ھەر مەۋسۇمدە ئەلا ئوقۇغان؛
نەزمە - قوشاق شەيداسى بولۇپ،
ئۇن تۆت ياشتا قوشاق توقۇغان.

مەن ئەمەسمۇ،
جەينەكتەك تۇرۇپ،

ھەتتا جىنايەت بولدى مەن ئۈچۈن
سېنىڭ قوينۇڭدا تۇغۇلغانلىغىم.

كۆرەلمىدىم سېنى تالاي يىل،
دىلنى ئۆرتىدى سېغىنىش، قاخشاش.
پالاندى بولۇپ يۈردۈم چۆلدىمۇ،
لاچىن سوقتان توشقانغا ئوخشاش.

ئاھ، قويغىنا،
ئۇنى ئەسلىسەك،
ئېچىشىدۇ ھەسرەتتىن يۈرەك.
يۇلۇندىغۇ كۆلپەت يىلتىزى،
بۇزۇلدىغۇ نۇرغۇن چەمبىرەك.

كەلدىم بۈگۈن قوينۇڭغا يەنە،
تارتمىدى مېنى ھېچكىم گۇناغا.
بارلارنى يوقلاپ،
يوقلارنى يادلاپ،
قول كۆتەردىم مەنمۇ دۇئاغا.

دىدارىڭغا قانمىدىم يۇرتۇم،
باققانسېرى باققۇم كېلىدۇ.
مېھرىڭ سىڭگەن باغرىدىنى ساڭا
ياققانسېرى ياققۇم كېلىدۇ.

ئاتام ـ ئانام دەپ سىگەن يەردىن
توپا تۇگدۇم ياغلىغىمغا مەن.

ئاخىر داغدام يولۇمنى تاپقان
سېنىڭ ئىملاپ، ئۈندىشىڭ بىلەن.

هازىرقىدەكلا ئېسىمدە مېنىڭ
«خوش» دەپ قوينۇڭدىن ئايرىلغان كۈنۈم.
بۇرۇتلىرىم ئەمدى خەت تارتقان،
غاراڭ-غۇرۇڭ چىقاتتى ئۈنۈم.

تالاي يىللار ئۆتتى ئارىدىن،
يوقلاپ تۇردۇم دەسلەپتە پات-پات.
تولغان ئىدىڭ ھۆسنۈڭگە شۇندا،
بەخت گۈلۈڭ ئېچىلىپ قات-قات.

ئاھ،
ئارىدا قويۇنلار قۇتراپ،
سالدى ساڭا سورۇقچىلىقنى.
ۋەيران قىلدى پەرزەنتلىرىڭنى،
ئايرىغاندەك سۇدىن بېلىقنى.

«ئوغلۇم شائىر بولۇپ قاپتۇ» دەپ،
بىر مەھەل سەن قۇۋانغان ئىدىڭ.
بىراق تەتۈر شامال چىقىسىلا،
چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ، غېمىمنى يىدىڭ.

بەلكى مەلۇم بولغاندۇ ساڭا
تۆھمەت پەنجىدە بوغۇلغانلىقىم.

# يانبۇلاق

**1**

يامۇزلادىن قىچىپ چىقىپ،
ياتقان يېرىم يانبۇلاق.
خۇدايىمدىن تىلەيمەن
ماڭا بەرسە بىر. ئۇلاق

— سادىر پالۋان قوشىغى

يانبۇلاق، يانباغرىدىن چىققان بۇلاق،
كۆزى كۆزدىن نېرىراق، پىنھان بۇلاق.
قەھرىمان سادىر بوۋام يامۇل تېپىپ
قاچقىنىدا باشپانا بولغان بۇلاق.

شۇندا ئۇ كەلگەندە بويۇڭغا يېتىپ،
بەلكى ئىچكەندۇ سۈيۈڭنى دەم يېتىپ.
تۇنىگەندۇ يا يۈيۈپ يۈز-كۆزىنى،
يولغا چۈشكەندۇ ئۆزىنى سەگىتىپ.

شۇ پېتى ئۇ قار كېچىپ، داۋان ئېشىپ،
دەۋرىگە ئۆچمەنلىگى قايناپ-تېشىپ.
زوراۋانلاردىن قىساس ئالغان ئىدى،
كۆيدۈرۈپ يامۇلنى ھەم سېپىل تېشىپ.

ئاپىرىپ تۆكۈپ ئۆيۈم ئالدىغا
ئۈندۈرىمەن ئۈندىن گۈل - چىمەن.

مېنى بەزلە سۆيۈملۈك يۇرتۇم،
ئۆكسۈمە سەنمۇ ئەسلەپ ئەلەمنى.
«يەر باغرى سوغاق، ئۈنتۈلۈپ كېتەر»،
ئۈمىتۋارلىق باسىدۇ غەمنى.

كۆتەردۇقتۇ قايتىدىن يەنە
قۇتلۇق سەپەرنىڭ تۇغىنى ئەمدى.
ئەڭ ياخشىسى،
ئادالايلا
سورۇقچىلىقنىڭ دېغىنى ئەمدى.

1981 - يىل 17 - سېنتەبىر، قورغاس - غۇلجا

## 2

ئېلىمدىن كۆچۈپ چىقىپ
يانبۇلاقتىن قايرىلدۇق.
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن جايلاردىن
ئۆلمەي تىرىك ئايرىلدۇق،

— كۆچ - كۆچ ناخشىسى

ئۆتكىنىمدە يان بۇلاقتىن قايرىلىپ
خۇددى بىر ناخشا يىراقتىن ئاڭلىنىپ،
ئوي - خىيالىم كەتتى يۈز يىل ئالدىغا،
تىلدىغۇ باغرىمنى بىر ھەسرەت كېلىپ.
بۇ ئەمەسمۇ ئاشۇ كۆچ - كۆچ ناخشىسى،
تىڭشىغاچ مۇڭ - زارىدىن ئالدىم بىلىپ.
ناخشىنى ئېيتقان ئاشۇ كۆچمەنچىلەر
ياش تۆكۈپ كەتكەن ۋەتەندىن ئايرىلىپ.
ماختىماڭ بۇنداق جۇدالىقنى پەقەت،
تىللىماڭ كۆچمەنچىنى بەتنام قىلىپ.
بۇ جۇدالىقنى، بۇ مۇدھىش خەيلىنى
شۇ زامان ئۆكتەملىرى كەلگەن ئېلىپ...
بەس كۆڭۈل، ئالدىڭغا باق، دەۋرىڭ ئۇلۇغ،
قالمىغىن ھەسرەت بىلەنلا چىرمىلىپ.
ئەل كۆچەيسە بولمىغاي سەرسانچىلىق،
يۇرمىگەي پۇقراسى ھەريان تاسقىلىپ.
چىقمىغاي ھېچ ئەمدى كۆچ - كۆچ ناخشىسى،
خەق تاماشا قىلمىغاي دۇمباق چېلىپ.

1981 - يىل سېنتەبىر، قورغاس

ۋاي ئىسىت، تەييارغا شېيخلار دەستىدىن،
شۇم بۇلاڭچى ھەممە ساتقۇن قەستىدىن،
كەتتى سادىر ئەجرى تۇزاڭدەك تۇزۇپ،
كەتمىدى لېكىن زۇلۇم ئەل ئۈستىدىن.

ئاردىن كەتتى تالاي يىللار ئۆتۈپ،
ئەچچە ئەۋلاتنى قارا تۇپراق يۇتۇپ.
ئەمما ياڭراپ تۇردى سادىر ناخشىسى،
كەتمەگەچ ئازاتلىق ئارزۇسى يۇتۇپ.

يانبۇلاق، كەلدىم بويۇڭغا مەن بۈگۈن،
مەن ئەمەس قاچقۇن بولۇپ كەلگەن بۈگۈن،
بۇندا جاڭجۇن يامۇلىدىن يوق ئەسەر،
سادىر ئەۋلادى ئەمەس دەرتمەن بۈگۈن،

قىلغىلى كەلدىم تاۋاپ، ئەي يانبۇلاق،
مەقسىدىم — سادىر ئىزىنى يوقلىماق.
سۇ ئىچىپ سەزدىم ئۆزەمنى بۇندا مەن
خۇددى بولغاندەك بوۋامغا ھەمتاۋاق.

سەن كۆرۈندۈڭ، يانبۇلاق، ئەينەك بولۇپ،
تۇردىمەن سادىرنى كۆرگەندەك بولۇپ.
مەن پۈتۈنسىز ناخشا ئېيتسام ئالدىدا،
كەتتى ياڭراپ چېھرىسى گۈلدەك بولۇپ.

ۋەتەندىشىم، پەخىرلەن بۇ «دىۋان»دىن،
ئۇ تەۋەررۈك بىلىم كانى ئەمەسمۇ؟
دەۋرىمىزدە ئۇنى ئوقۇپ چۈشەنسەك
مەرىپەتنىڭ بىر ئۇنۋانى ئەمەسمۇ؟

باھار كېلىپ، يېڭىۋاشتىن چاقنىدى
ئەجدادلارنىڭ ئەقىل - بىلىم جەۋھىرى.
گويا بۈگۈن ئوقۇماقتا لېكسىيە
زامانىمىز مۇنبىرىدە قەشقەرى.

ئۇيغۇرلارمۇ ئەمەس گۇمۇش ئەۋلادى،
مىسنى ئالتۇن قىلالايدۇ گۈل قولى.
چىقىپ كېلەر يېڭى - يېڭى قەشقەرى،
ئامان بولسا تەكشى ئېچىلماق يولى.

1981 - يىل 1 - ئۆكتەبىر، ئۈرۈمچى

# تەۋەرۈكنى كۆرگەندە

(«تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ ئېلىمىزدىكى تۇنجى نەشرىگە بېغىشلاپ)

بۈگۈن قايتا ئۆز يۇرتىدا تۆرەلدى
بۈيۈك «دىۋان» — قەشقەر جاھاننەماسى.
چاقنىماقتا ئەۋلاتلارنىڭ ئىلكىدە
ئەجداتلارنىڭ دۇردانىلىق مىراسى.

ياقىسىنى تۇتۇپ قالار كۆرگەنلەر
يولۇقتاندەك تىلسىماتتەك غەزنىگە.
تەمتىرەيدۇ تەڭداش - ئۆلچەم ئىزدىشىپ،
غەزنىدىكى جاۋاھىرلار ۋەزنىگە.

دەيدۇ ھەممە: مۆجىزىكەن بۇ «دىۋان»،
قانداق ئادەم، قانداقلارچە پۈتكەندۇ؟
ئەسىرلەرنىڭ ئەقلى لال بۇ ئەمگەككە
بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى قانداق يەتكەندۇ؟

مەلۇمغۇ، تىل مەيدانىدا قەشقەرنىڭ
باغدات بىلەن چۈشكەنلىكى بەيگىگە.
جەۋلان قىلىپ شۇندا مەھمۇت چەۋەنداز
شەرەپ ئېلىپ كەلگەن تاۋغاچ مۈلكىگە.

ھەر مۇقامنى بىر دەرەخ دىسەك، ئۇنىڭ كۆپتۇر شېخى،
كۆزلىرىڭنى چاقنىتار ھەرشاختىكى گۈل - ياپرىغى،
جانغا راھەت، دىلغا ئارام مېۋىسى نۇرغۇن مۇقام.

ھەممە ئادەم ئىنتىزار ساز ئۇيغىلىپ باشلانغىچە،
ئۇيغا چۆمگەي بىر ھازا «چوڭ نەغمە»گە ئاتلانغىچە،
دىل گويا دەريا بولۇپ ئۆركەشلىنەر «داستان»غىچە،
ئېيتسا بىر داستانىمۇ پۈتمەيدۇ ھەتتا تاڭغىچە،
«مەشرەپ»ى ئۇندەر ئۇسۇلغا، پەيزى مول، جۇشقۇن مۇقام.

سەندە ياڭرايدۇ خەلقىنىڭ ئەڭ ئېسىل كۈي - نەزمىسى،
بارچە ئۇيغۇرنىڭ سېنىڭسىز قىزىماس توي - بەزمىسى.
سەن خەلقىنىڭ بىباھا، رەڭدار، ئۇلۇغۋار غەزنىسى،
سەن بىلەنمۇ ئۆلچىنەر ئۇيغۇر دىگەننىڭ ۋەزنىسى،
ئېسى بار ئادەم سېنى ھەرگىز دىمەس يوچۇن مۇقام.

بىر مەھەل سەن تاشلىنىپ ئەخلەتكە، بولدۇڭ زەپمۇخار،
يىغلىدى خەلقىم سېنىڭ ھىجرىڭدە قاخشاپ زار - زار.
شۈكرى ئەمدى سېنى قۇتقۇزدى زامانەم غەمگۇزار،
قايتىدىن چىقماقتا تۇرداخۇنغا ئوخشاش ئىز باسار،
ئەمدى يايرا، سەن ئەمەس مەڭگۈ سېرىق، تۇتقۇن مۇقام.

ئەي مۇقام، ساز ئوردىسىنىڭ بەكمۇ كۆركەم قەسرى سەن،
مۇرغىزارنىڭ زىننىتى، گوياكى بۇلبۇل، قۇمرى سەن.
خەلقىمىزنىڭ مېھرى سەن ھەم قەھرى سەن ھەم پەخرى سەن،
سەندىن ئايرىلمايدۇ ئەل، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز ئەجرى سەن،
سەن گويا لەيلى، سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەل مەجنۇن، مۇقام.

# مۇقام

سازچى ياڭراق سازىدا قىلسا سېنى ناخۇن، مۇقام،
جان قاناتلانغاي شۇئان بولغاچ ساڭا مەپتۇن، مۇقام.
سەن بىلەن دائىم ئۈمۈر گۈلزارىمىز گۈلگۈن، مۇقام،
دىلغا ئاتەشتەك ھارارەت بەرگۈچى يالقۇن مۇقام.
ئاھ مۇقام، ئۇتلۇق مۇقام، گۈلگۈن مۇقام، ئالتۇن مۇقام.

سەن ئۈچۈن چېقتى ساتار، تەمبۇر، فارابى قالۇنى،
قوشتى نەغمەڭگە ناۋا ساھىر * ناۋايىنىڭ ئۈنى،
تىزدى مارجاندەك قىدىرخان ھەم رەشىت، خانىش سېنى،
سەندە بار بىر نەچچە مىڭ يىلنىڭ مۇسىقى مەزمۇنى،
نەغمىلەر سورۇنىدا ئورنۇڭ شۇڭا ئۈستۈن مۇقام.

سەندە كۈيلەيدۇ كۆڭۈل كۈيىنى ئۇيغۇر مىللىتى،
سەندە ياڭرايدۇ ئۇلۇغۋارلىق، پەزىلەت رىغبىتى،
سەندە روشەن سۆيگۈ ئەھلىنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى،
سەندە ئۇرغۇيدۇ ئازاتلىق ئاشىغىنىڭ جۈرئىتى،
سەن ئازاتلىق ھەم گۈزەللىك ئىشقىغا ئۇيغۇن مۇقام.

ھەر مۇقامنى خۇددى بىر دەريا دىسەك، كۆپ تارمىغى،
ئاقىدۇ شەرۋەت ئۇنىڭدا ھەمدەم ھار سۈت ـ قايمىغى.

* ساھىر ـ ئەرەپچە «سېھىرگەر» دىگەن سۆز. بىراق ئۇنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھۈنەرۋەن، ئاجايىپ سەنئەتكار دىگەن مەنىسىمۇ بار.

## گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟

مىڭ جاپادا خالىدا تاپسام ئۇنى،
ۋاي ئىسىت، قاچتى جىمى تاپقان سۆزۈم.
سېھىرلەنگەندەك ئۆزۈمنى ئۇنتۇدۇم،
چىرمىغاچ كۆڭلۈمنى بىر سىرلىق سېزىم.

چىقمىغاچقا مەن ھودۇققاقتىن زۇۋان،
ئۇمۇ كەتتى مەلە ياققا يول ئېلىپ.
ئوت - پىراقتىن تېخىمۇ كۆيدى ئىچىم،
بىر قاراپ كۈلگەن ئىدى ئۇ قايرىلىپ.

يارنى دەسلەپ تاپسا شۇنداق خالىدا،
ھەممە ئاشىق مەن كەبى بولغانمىدۇ؟
ئاھ، ئەجەپ غەش بولدىغۇ كۆڭلۈم مېنىڭ،
مېنى ئۇ، دۆت - گاچا دەپ قالغانمىدۇ؟

1982 - يىل 12 - ئاپرېل

ئەي مۇقام، كەلدى زامانەڭ باشقىدىن نۇر ياغدۇرۇپ،
يېڭى ئەۋلاتلار كۆيۈڭنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ،
تەنتەنەڭگە تەنتەنە قوشقۇسى زىننەت قوندۇرۇپ،
چالدۇرار ئالقىش - چاۋاك ئالەمنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇپ،
ياپقۇسى ئىنسانىيەت شەنىڭگە شاھى تون، مۇقام.

1982 - يىل 22 - فېۋرال، ئۈرۈمچى

# ناخشا ئېيتەپ ئەركە تۇتتى موڭغۇل قىزى

چىرايلىق بايىنبۇلاق يايلىغىدا
ناخشا ئېيتىپ ئەركە * تۇتتى موڭغۇل قىزى.
مەن ئىچتۇن ئىچمەي ئۇنى،
ئىچ دەپ تۇرسا
ناخشىسى ھەمدە ئۇنىڭ خۇمار كۆزى.

ناخشا ئېيتتىم مەنمۇ، كۆزۈم خۇمارلاشتى.
بۇ ئەمەس ھەرگىزمۇ مەيپەرەسلىكتىن.
مەس قىلغان ئىكەن دوستلۇق مۇھەببىتى،
سەگىيدۇ دىمەڭ مېنى بۇ مەسلىكتىن.

1982 - يىل 13 - ئىيۇل، بايىنغولىن

* ئەركە — موڭغۇللارنىڭ سۈت ھارىقى

## قامچىنىڭ نەھاجىتى ياخشى ئاتقا

تىزىلىپ چەۋەندازلار قاتار سەپكە،
ئات سالدى يەلپۈللگەن تۇغ تەرەپكە.
كىم بۇرۇن كەلسە ئۈزۈپ شۇ بەيگىدىن،
پەللىدە چۆمۈلىدۇ شان - شەرەپكە.

بەزىلەر قامچىغىلا زورلىغاچقا،
ئاتلىرى چۈشتى سولۇپ پۇشۇلداشقا.
بىر قېتىم قامچا يېمەي چەۋەندازدىن،
بەيگىدە ئۈزۈپ چىقتى جىرەن قاشقا.

ئېسىمگە كەلدى شۇ چاغ شۇ بىر ماقال:
«قامچىنىڭ نەھاجىتى ياخشى ئاتقا».
«بەيگىنىڭ ئالدى» دېگەن شەرەپلىك نام
باغلىقكەن پەرۋەرىشكە، ئىجتىھاتقا.

1982 - يىل ئىيۇن، موڭغۇلكۈرە

قىز ـ چوكانلارنىڭ قاش ـ كۆزلىرىدە،
لەۋلىرىدە،
زىناقلىرىدا
گويا شېئىر ئۇيناپ تۇرىدۇ.

سەن گۈزەللىك ئۈلگىسىمۇ؟
سەن شېئىرىيەت سەھنىسىمۇ؟
سەن شائىرلار كەبىسىمۇ؟
ساڭا كەلگەن شائىرلارنىڭ
زوق ـ ئىلھامى قايناپ تۇرىدۇ.

بۈگۈن يەنە قوينۇڭغا كەلدى
چۈ يۈەن پۇشتى،
ھەم قوشۇلۇپ يۈسۈپ ئەۋلادى،
گۈزەللىككە قانمىدۇق زادى.
خۇددى بۇلبۇل بولۇپ كۆڭلىمىز
خەندان ئۇرۇپ سايراپ تۇرىدۇ.

شېئىر مىسراسى ــ يۈرەك رىشتىسى،
چەكدى ئۇلارنى دوستلۇق ئەھدىسى.
پاھ،
نەقەدەر ھوزۇر،
بۇ سورۇننى شۇنداق سۈرەتلەش:
خۇددى ماكېدونچە ــ
چەمبىرەك ئۇسۇلىغا ئوخشاپ تۇرىدۇ.

1982 - يىل 29 - ئاۋغۇست، ستروگا (ماكېدونىيە)

## ئوخرىد بويى

ئوخرىد بويى —
ستروُگا باغرى،
سىياقىڭدىن شېئىر يېغىپ تۇرىدۇ.
بۇندا ئېچىلغان جىمى ئېغىزدىن
گويا شېئىر تېمىپ تۇرىدۇ.

دەرەخلەرنىڭ ئىغاڭلىشىدىن،
يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىدىن،
كۆل - دەريانىڭ ئۆركەشلىشىدىن،
تورغايلارنىڭ ۋىچىرلىشىدىن
گويا شېئىر ياڭراپ تۇرىدۇ.

غۇر - غۇر ئىللىق شامالىرىدىن،
ھەر ياڭزا گۈل - چېچەكلىرىدىن،
شاخلاردىكى يېمىشلىرىدىن،
داستىخاندىكى گېزەكلىرىدىن
گويا شېئىر پۇراپ تۇرىدۇ.

قىرلارنىڭ قورۇقلىرىدا،
باللارنىڭ قىلىقلىرىدا،
يىگىتلەرنىڭ بۇرۇتلىرىدا،

## پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى

بالقاندىكى ئوخرىد كۆلى بويىدا،
قەدىمىي سوفىيا مۇناستىرىدا
پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
بىر شېئىر تۇغۇلدى مۇشۇ توغرىدا.

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
يېزىلغان بۇ شېئىر قىزىل قان بىلەن.
گوياكى زۇلپىقار ئۇنىڭ قەلىمى،
جەڭ قىلماقتا ئۆكتەم ـ زوراۋان بىلەن.

ئۇنىڭ ساداسىدىن ئاڭلىدىم ئېنىق،
يالماۋۇز قاتىللار جىنايىتىنى.
ئاڭلىدىم بومبىنىڭ پارتلاشلىرىنى،
ئاڭلىدىم سەرسانلار شىكايىتىنى.

ئوخشاتقۇم كېلىدۇ گويا جەڭچىگە
شېئىر قۇرىدىكى ھەربىر ھەرپىنى.
قايتۇرۇپ ئېلىشقا ئانت ئىچكەن ئۇلار
ئۆز ئانا يۇرتىنى،
قۇددۇس شەھرىنى.

# دىرىم كۆۋرۈگى ئۈستىدە

تىنىق دىرىم كۆۋرۈگىنىڭ ئۈستىدە
بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق ئالدىدا،
ئالقىشلاندىم شېئىر ئوقۇپ ئۆيىنۇرچە،
ھەرخىل مىللەت، ھەر خىل ئايماق ئالدىدا.

ھاياجاندا يانغىنىمدا مۇنبەردىن
ئىستانىسكو* ئۆز ئورنىدىن دەس تۇرۇپ،
«پراۋا»** دەپ مەھكەم قىستى قولۇمنى،
تازىم قىلدى ئارقىدىن قول قوشتۇرۇپ.

ماڭا مەلۇم، بۇ ئالقىشنىڭ مەنىسى —
ۋەتىنىمگە، شېئىرىيەتكە مۇھەببەت.
بۇ مۇھەببەت ماڭا ھوزۇر بەخش ئەتتى،
ۋەتەن، شېئىر غۇرۇرۇمدۇر تائەبەت.

1982 - يىل 28 - ئاۋغۇست، ستروگا

---

* نىكىتا ئىستانىسكو — ئاتاقلىق رۇمىنىيە شائىرى. ئۇ 1982 - يىللىق ستروگا شېئىرىيەت بايرىمىدا ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغان، بۇ سورۇننىڭ بىرىنچى پەخرىي ئادىمى.

** «پراۋا» — رۇمىنىيىچە «يارايدۇ» دېگەن سۆز.

# گۈل

بىلەيى پولىيە شەھرىدە
جۇشقۇنلۇق شېئىرىيەت ئاخشىمى
قىزلار ھەم ياشلار ئالدىدا
ئوقۇدۇم «تۆگىمەس ناخشا»نى.

قىزلار كۆلۈشتى زوقلىنىپ،
كۆلكىدىن پۈرۈشتى يۈزلىرى.
گۈل تۇتۇپ يۈگرۈشتى ئالدىمغا
بىر تۈركۈم قارا تاغ قىزلىرى.

ئالقىشلار ئىچىدە گۈل تۇتتى،
يۈزلىرى يۈزۈمگە يانداشتى.
تولدۇرۇپ كۆكسۈمگە گۈلدەستە
ھەم ئىككى مەڭزىمگە گۈل باستى.

چۈشەندىم بۇ گۈلنى دوست ئەلنىڭ
جۇڭگولۇق قەلبىگە مېھرى دەپ.
چۈشەندىم بۇ گۈلنى شېئىرىمغا
بېسىلغان رازىلىق مۆھرى دەپ.

1982 - يىل 3 - سېنتەبىر، قارا تاغ
رېسپۇبلىكىسى بىلەيى پولىيە شەھرى.

شېئىرنىڭ سەرلەۋھە، نەقىراتلىرى
ئوخشايدۇ قەھرىمان سەركەردىلەرگە.
قورشاۋلار ئىچىدە،
چېكىنىشلەردە
تۇغ بولۇپ قوشۇننى باشلار زەپەرگە....

پەلەستىن شائىرى شېئىر ئوقۇدى،
ھېچ ئادەم قالمىدى چاۋاك چالمىغان.
بەلكى بۇ مۇناستىر
بۇنداق مەنىلىك —
چاۋاكنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان.

بۇ چاۋاك ئالقىشتۇر ھەققانىيەتكە،
بۇ چاۋاك لەنەتتۇر ئۆكتەم جوھۇتقا.
بۇ چاۋاك تارىخنىڭ ئىرادىسىدۇر،
ئۇ ھەققانىيەتنى تەختكە چىقىرىپ،
تارتىدۇ ئاخىرى ئۆكتەمنى سوتقا.

1982 - يىل 30 — 31 - ئاۋغۇست، ستروۇگا - ئىسكوپىيە

چۈنكى ئۆزمەي فاشىست يولىنى،
ئازاتلىق يولى بولمايتتى راۋان.

كۆۋرۈك قانچە ئىسىل بولسىمۇ،
ئۇنىڭدىن مىڭ ئەلا ئازاتلىق.
ئازاتلىق ئۇنى تىكلىدى يەنە،
ئازاتلىق ئەلگە بەردى ئاۋاتلىق.

1983 - يىل 5 - سېنتەبىر، بلەيى پولمە

# تارا كۆۋرۈگى

يۇگوسلاۋىيەنىڭ «كۆۋرۈك» دېگەن
كىنو فىلىمىدىكى تارا كۆۋرۈگىنىڭ
ئەسلىگە كەلگەن قىياپىتىنى كۆرگەندىن
كېيىن...

ئىگىزلىكتە تارا كۆۋرۈگى
ياۋروپادا ئىككىنچى كۆۋرۈك.
بىر يۈز سەكسەن مېتىر كېلىدۇ
ئۇنى قوندۇرۇپ تۇرغان ھەر تۈۋرۈك.

يۇگوسلاۋىيە ئۆز قولى بىلەن
مىڭ بىر جاپادا ياسىغان ئۇنى.
كېيىن يەنە ئۆز قولى بىلەن
پارتلىتىپ بۇزۇپ تاشلىغان ئۇنى.

ئۆزى ياسىغان ئىسىل نەرسىنى
بۇزۇشقا قانداق قىيغاندۇ كۆزى؟
جاۋاپ بەردى قېرى پارتىزان
(شۇ بۇزۇشقا قاتناشقا ئۆزى):

ئاشۇ ھايات-مامات پەيتىدە
نېمە ئىدى بۇنچىلىك زىيان.

ئىتتاندۇر ئات ئۈچۈن مۈشكۈل سەپەر،
دەرت بىلەن نامەرتنى ئايرىيدۇ خەتەر.
تويدا بار، ماتەمدە يوقتىن قىل ھەزەر،
ئۇندىن ھېچ ئىنسانىي خىسلەت ئىزدىمە!

١٩٥٥ - يىل

# سىنچىنىڭ سۆزى

رەڭگىدىن كۆڭلىنى بىلمەكلىك قىيىن،
يۈزىنى يۇيغانىنىلا پاكىز دىمە.
سىنچىلاشنى بىلمىسەڭ، ھۆكمىڭ خاتا،
كۆرگىن ئايرىپ، «سانىماي سەككىز دىمە».

ئوخشىمايدۇ دەل - دەرەخنىڭ بارلىغى،
مىۋىگە كېپىل بولالماس ياپرىغى.
كىملىگىدىن بەلگە بەرمەس قالپىغى،
قالپىغى چوڭ بولسىلا قىرغىز دىمە.

قەھرىمانمۇ تېرە تاراقلاتقىنى؟
ئىچى كاۋاك نەرسىنىڭ كۆپ شاۋقۇنى.
چوغ ئەگەر پىشسا، چىقامدۇ ئۇچقۇنى؟
ھەيۋىسىز بولغانىنىلا ئاجىز دىمە.

قۇدرىتىڭ چەكلىك، مەدەتكار بولمىسا،
ئۇزلىغىڭ چاغلىق خېرىدار بولمىسا،
گەرچە سورۇندا نەلەپكار بولمىسا،
سۆزۈڭ ئالتۇن بولسىمۇ، ھەرگىز دىمە.

# تەشەككۈر

ئەسكىشەھىردە تۈركىيە فولكلور
كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋالى
ئۆمەر خالىل ئوغلو مېنى لېنتا كېسىشكە
تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە جاۋابەن
بۇ شېئىرنى يازدىم.

تەشەككۈر ۋالى، تەشەككۈر سىزگە،
تەشەككۈر، ساھىپخان ھۆرمىتىڭىزگە.
تەشەككۈر، قولۇمغا قايچا تۇتقۇزۇپ،
لېنتا كەس دىگەن دەۋىتىڭىزگە.

ھاياجان ئىلكىدە ئالدىم قايچىنى،
لېنتا كېسىلدى،
ئىشىك ئېچىلدى،
ھەممە ياندىن ياڭرىدى ئالقىش،
ئۈستىمىزگە چېچەك چېچىلدى.

لېنتا ئۈزۈلدى ئالقىش ئىچىدە،
چۈنكى بۇ ئۈزۈش—
باغلاش ۋاستىسى.
ئۈزۈلگىنى—راۋانلىق دىمەك،
باغلانغىنى دوستلۇق رىشتىسى.

# ئەمدى

ئەسسىت، ياشلىق گۈلۈم توزدى ھەۋەستىن، پەندىيات ئەمدى،
پۇشايماندىن ئۆزەم ئۇردۇم يۈزۈمگە مىڭ كاچات ئەمدى.
ئۆمۈر تىللاسىنى بېنەپ بازاردا سانىماي خەجلەپ،
سۇنۇق يارماققا زار بولدۇم، مېنىڭ سودام كاسات ئەمدى.
كېچە مەيخانىدا «ھە-ھۇ» دېيىشكەنلەر قايان كەتتى،
«سۆيۈملۈك مەرت يىگىتكەنسىز» دېگەنلەر ماڭا يات ئەمدى.
ھايات شەترەنجىسىدە لاپ ئەمەس، لازىم ئىكەن ئىدراك،
بولۇپ قالدىم كۆرەڭلەپ ئالدىراپ «شاھ» دەپلا مات ئەمدى.
تالاي تەڭتۇشلىرىم ئۇچتى سامادا خۇددى شۇڭقاردەك،
تېپىرلايمەن نىچۇن يوق دەپ ماڭا شۇنداق قانات ئەمدى.
دىدىم شۇندا: بۇ دۇنياغا نىچۇن كەلدىم، كېتەي قانداق،
زاماننىڭ ئىمتىھانىدىن قېچىپ ئۆتمەك ئۇيات ئەمدى.
پۇشايمانىم ماڭا شۇنداق دىدىكى: مەرىپەت ئىزلە،
پەقەت كۈتمە ھەۋەستىن، خام خىيالدىن ئىلتىپات ئەمدى.
كىچىكسەممۇ ھاياتنى باشقىدىن باشلاشقا بەل باغلاي،
ماڭا بەرگەي نىجاتلىق ئۇشبۇ يولدا ئىجتىھات ئەمدى.

1983 - يىل باھار، ئۈرۈمچى

# يىراقتىن خەت

(بىر مۇساپىر ۋەتەنداش نامىدىن)

ئانا يۇرتۇم، سېغىندىم سېنى،
سەنمۇ بالام دەپ ئەسلەمسەن مېنى؟
مېنى سورساڭ، خەقنىڭ يۇرتىدا،
باغرىم كاۋاپ پىراق ئوتىدا.
مەن تاڭ ئالدىدا يولدىن ئاداشقان،
ئېزىتقۇغا ئەگىشىپ قاچقان.
مېنىڭدىن ئاجراپ ھەريان باش ئۇرۇپ،
مۇساپىر ئۈچۈن تەلەي ئاختۇرۇپ،
كەزدىم، يولۇقتۇم ياخشى-يامانغا،
گايى ھايانغا، گايى زىيانغا.
غۇربەتچىلىكنىڭ مۈشكۈللۈكىدىن،
ئۆزەمنىڭمۇ ئەپچىللىكىدىن،
خۇددى تاشتىن ئۈنگەن گىيادەك
ياكى تەلۋە ئۇرغان شىنادەك
گايى ئۆرلەپ، گايى تولغۇنۇپ،
گايى شۇڭغۇپ، گايى يۇلقۇنۇپ،
گايى داجىپ، گايى تىركىشىپ،
گايى يىقىلىپ، گايى تىرمىشىپ،
ھۈنەرلىك بولۇپ ئوقەتىمۇ تاپتىم،

دوستلۇق رىشتىسى — كۆڭۈل رىشتىسى،
ئىككى ئۇچى ئىككى تەرەپتە.
بىر يۈرەك بېيجىڭ،
بىرسى ئەنقەرە،
ھەر ئىككىسىگە دوستلۇق كېرەكتە.

لېنتىلار كېسىلەر دوستلۇق ئېلىكدە،
ئېچىلار دوستلۇق ئىشىگى داغدام.
دوستلۇق — جاھاننىڭ ئەڭ چوڭ راھىتى،
دوستلۇق زامانى — ھەمىشە بايرام.

*

تەشەككۈر ساھىپخان، تەشەككۈر سىزگە،
تەشەككۈر تۈركىيە ھۆرمىتىڭىزگە.
بېغىشلىدىم مىسرالىرىمنى
راۋان دوستلۇق رىشتىسىنى چىڭ —
باغلايلى دېگەن دەۋىتىڭىزگە.

1983 - يىل 9 - ماي، تۈركىيە ئەسكىشەھىرى

چامغۇر سالغان سۇيقاشلىرىڭنى،
پىژىلداپ تۇرغان كاۋاپلىرىڭنى،
شىرىن مۇسەللەس ـ مەيزاپلىرىڭنى،
باغلىرىڭنىڭ بۇلبۇللىرىنى،
راۋاپلىرىڭنىڭ مەرغۇللىرىنى،
جەۋلان قىلغان ئۇسۇللىرىڭنى،
مېھماندوستلۇق يوسۇنلىرىڭنى...
ئاھ، شۇ چۈشلىرىم بۇزۇلمىسىدى،
بەلكى ئۇ مېنىڭ ئوڭۇم بولسىدى...
ھەر كېچەمدە ئوڭلۇق مەززە يوق،
ئارامىمنىڭ راھەت پەيزى يوق.
سېنىڭ قوينۇڭدا ئۆگەنگەن ناخشام،
ماڭا ھەمرا ئۇيقۇسىز ئاخشام.
ئوقۇيمەن ئۇنى ئۆكسۈپ ئارانلا،
شۇمۇ كۆڭلۈمگە بىر ئاز تەسەللا.
تۇرنىلاردىن سورايمەن سېنى،
شاماللاردىن پۈرايمەن سېنى.
سەن تەرەپتىن ئالسام خەت ـ خەۋەر،
ياكى كەلسە بىرەر ھەمشەھەر.
سېنى كۆرگەندەك راھەت ئالىمەن،
قىن ـ قىنىمغا سىغماي قالىمەن.
ھالىڭ ئالدىمدا بولدى نامايان،
ئىلكىگە ئالدى مېنى ھاياجان.
قۇۋاندىم يېڭى قىياپىتىڭدىن،
قۇۋاندىم بەخت ـ سائادىتىڭدىن.
قۇۋانسام گەرچە بىر جەھەتتە مەن،

بايلارغا خاس سۆلەتمۇ تاپتىم.
باغ - ۋاراندىق ئۆيۈم ھەشەمدىك،
بىسات، زىننىتى قىلمايدۇ كەمدىك.
لېكىن بولمىغاچ ئانا يۇرت، ياران،
كۆڭلۈم ئۆيىدە ھۇۋلايدۇ بوران.
بولسىمۇ ياقۇت زۇننار ئېسىقلىق،
بويىنۇم مېنىڭ ھامان قىسىقلىق.
بۇندىكى نى - نى ئويۇن كۆرگەزمە،
ياكى شاھانە زىياپەت - بەزمە،
دەبدەبىلىك بولسۇن قانچىلىك،
مەن ئۈچۈن يوق مەشرىپىڭچىلىك.
بۇندا قايناتتى گېزەك زەردەمنى،
سېغىنىمەن دوغاپ، گىردەڭنى.
بۇندا ئازادە لۆم - لۆم تۆشەكتە
سېزىمەن تەننى گويا چۆشەكتە.
بولسىمۇ ماۋۇق ياستۇغۇم پۇزۇر،
كېسىگىڭدەك بەرمىدى ھوزۇر.
چۈشۈمدە كۆرىمەن لەززەتلىرىڭنى —
سەيلىلىرىڭنى، مەشرەپلىرىڭنى،
گۈللۈك ھويلا - ئارامىلىرىڭنى،
چۆمۈشلەر چۈشكەن باراڭلىرىڭنى،
قوغۇنلۇق ھەم باغچىلىرىڭنى،
شېكەر سۈيى، كۆكچىلىرىڭنى،
بادام، ئەنجۈر، گىلاسلىرىڭنى،
ئۈزۈم، ئانار، توغاچلىرىڭنى،
پۇچۇلىغان كۆكۋاشلىرىڭنى،

سەن ماڭا ئەڭ ئەزىز ئانىسەن،
جېمى يۇرتتىن ئەزىزانىسەن.
ئىشقىڭ ـ ئىمانىم، قىبلەم سەن مېنىڭ،
تاۋاپگاھىم ـ كەبەم سەن مېنىڭ.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئالسام دالالەت،
قالغايمۇ مەندە ھەسرەت ـ نادامەت.
بېشىم بىلەن ماڭساممۇ مەيلى،
يىل ئازاۋى مەن ئۈچۈن سەيلى.
بوسۇغاڭغا قويغاندا قەدەم،
بەلكى ھۇشۇمدىن كېتەرمەن شۇ دەم.
شۇندا سۆيۈگدىن ئىچسەم بىر يۇتۇم،
تېنىم ياير اپ سەگىيەن چوقۇم.
سالەمدىنى ئالساڭ ئېلىكىڭگە،
يەتكۈزەتتىڭ بېشىمنى كۆككە.
باغرىڭغا قويۇپ ئاشۇ بېشىمنى،
ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ تۆكسەم يېشىمنى.
شۇندا بېقىپ ئەللىق نەزەردە،
بەزلەپ يېشىمنى سۈرتسەڭ ئەگەردە،
قالاتتىم خۇددى قۇشتەك يېنىكلەپ،
كىم يەكلىسۇن مېنى غېرىب دەپ.
ئاڭلىسام بىر ـ بىر داستان سۆزۈڭنى،
كۆزۈمگە سۈرتسەم باسقان ئىزىڭنى.
خىزمىتىڭنى قىلسام قۇل بولۇپ،
يايرىماسمۇ كۆڭلۈم گۈل بولۇپ،
ئوينىسام ھېيت ـ بايرامنى بىللە،

بىر جەھەتتە خىجالەتتە مەن.
ئىسسىت، قايمۇقۇپ ئىنغۋا - ئۆسەكتىن.
ئالتۇننى پەرق ئەتمەي تېزەكتىن،
قالدى سېنى ئاسارەتتە دەپ،
ۋىجدانى خورلۇق، ھاقارەتتە دەپ،
قىزىل تۇغۇڭنى لەنەتلەپتىمەن،
تووۋا قىلدىم، ئەجەپ دەپتىمەن...
ئانا يۇرتۇم كەچۈرگىن مېنى،
يېڭىۋاشتىن چۈشەندىم سېنى.
چۈشەندىم تاڭنى كۈتكەنلىگىڭنى،
ئاڭا قانداق يەتكەنلىگىنى.
ئۆزەڭ تاللىغان يولغا ساداقەت
ۋە ئۇنىڭدىن تاپقان جاسارەت
بىراچ جاپانى يەڭەككە قادىر،
يېتەي دەپسەن مەنزىلگە ئاخىر.
قايدا مەن ھالال ھالاۋىتىڭگە،
كۆڭۈل ئارامى ئادالىتىڭگە،
قايىل چىدام - غەيرىتىڭگە مەن،
ئەپسۇس، بولمىدىم خىزمىتىڭدە مەن ...
ئانا يۇرتۇم ئەپۇ قىل مېنى،
ھىجرىڭدە سەرسان مەجنۇن بىل مېنى.
چۈشەندىم چىن مۇھەببەتنى مەن،
ئوقۇيمەن دائىم شۇ ھىكمەتنى مەن:
گاداغا ئۆز تۇپرىغى تەختتۇر،
شۇ تەختتە تۇرماق ئەڭ ئۇلۇغ بەختتۇر!

# ياماتۇنىڭ تويى

ئىلى دەرياسىنىڭ ياماتۇ كېچىكىگە
سېلىنغان زامانىۋى كۆۋرۈك بۇ يىل
26 - ئاۋغۇستتا پۈتۈپ داغدۇغا ئىچىدە
قاتناش باشلاندى.

ھەي ئوماق باللار،
سەكرەپ - تاقلاپ، چوۋلاپ - چۇقۇراپ،
نەگە ماڭدىڭلار مۇنچە ئالدىراپ؟
ــ كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا،
«بارىكالللا» توۋلاپ بەرگىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

ــ ھەي نۆۋەر يىگىتلەر،
ماڭدىڭلار ئاتلارنى قامچىلاپ نەگە؟
يا بارمىكەن بىر يەردە بەيگە؟
ــ كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا ــ
«يۇلەن» تارتقىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

ــ ھەي قىز - چوكانلار،
ماشىنا ئۈستىدە ناخشا توۋلىشىپ،
نەگە ماڭدىڭلار بۇنداق ئولىشىپ؟

ئاڭلسام، سۇناي - ناغراڭنى بىللە،
تەڭكەش قىلىپ ياڭراق ساداغا،
ھېيىتىڭغا ئالدىدا چۇشسەم ساماغا.
قوشۇلۇپ جۇشقۇن پەيزى-زوقۇڭغا،
سالام بەرسەم شانلىق تۇغۇڭغا...

1982 - يىل ماي - ئىيۇن، ئۈرۈمچى

## پىئونېرنىڭ سۆزى

بىر توپ پىئونېر تاغقا ياماشتۇق
چوققىنى كۆزلەپ.
ياماشقانچە،
تىرماشقانچە
باردۇق ئىگىزلەپ.

ھەر سىلجىشتا
يېقىنلاشتۇق بىر قەدەم
مەنزىلىمىزگە.
كۆمۈش تەرلەر بەدەل بولدى
مەرتىۋىمىزگە.

ئويناپ كەتتى يۈرەكلىرىمىز
تۇغىمىز چوققىدا لەپىلدىگەندە.
يولىمىزغا باقساق قايرىلىپ،
ئاق بۇلۇتلار قاپتۇ تۆۋەندە.

دىدۇق شۇندا:
ئاددى نەرسىمۇ
خۇراپات ئالدىدا تىلسىمات ئىكەن،
چۈشەندۇق شۇنى:
«بۇلۇت ئۈستىمىزدە تۇرىدۇ دائىم»
دىگەن سۆزمۇ خۇراپات ئىكەن.

1983 - يىل 31 - ئاۋغۇست، ئىلقا

— كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا —
«يار.. يار» ئېيتقىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا.

— ھەي بوۋاي - مومايلار،
نەگە، ھارۋىنى چاپتۇرۇپ شۇنچە؟
نىمە ئاۋارە ئىسسىقتا مۇنچە؟
— كېتىۋاتىمىز دەريا بويىغا —
پەتە بەرگىلى
ياماتۇنىڭ تەبرىك تويىغا!

— كىمنىڭ تويى،
قانداقچە تويدۇ بۇ؟
ئەجەپمۇ بىر داۋرىڭى چوڭغۇ!

— بەللى، ئەپەندىم
نەلىك ئۆزىڭىز؟
نىمىسى «قانداق توي» دىگەن سۆزىڭىز؟
بۇ شۇنداق داۋراڭلىق ئۆتىدىغان توي.
ئىككى ياقتىن «ھاي يولەن» تارتىدىغان توي.
سېلىپ گاڭدىن پاياندار دەريا ئۈستىگە،
ئۇ قات بىلەن بۇ قاتنى چاتىدىغان توي.

1983 - يىل 27 - ئاۋغۇست، غۇلجا

كۆرۈۋاتىمەن «مىڭ ئۆي» تېمىدىن
پەسكە چۈشۈپ جەۋلانغا كىرگەن
كۆيچى، ئۇسسۇلچى بۇلبۇلگويانى.

بۇ يەردە ئېچىلدى بۈگۈن گۈل بولۇپ،
مۇتەللىپنىڭ چاچرىغان قېنى.
ۋە ئەي چىڭنىڭ ئاققان تەر، يېشى.
شۇ گۈللەرنىڭ ئىغاڭلاشلىرى
ئەمەسمۇ شېئىر سىڭگەن زېمىننىڭ
نەغمىسىزگە تەڭكەش ئالقىشى.

دەۋرىمىز باھار،
ئاشىقلارچە، كۆيلەيلى ئۆزنى
بۇلبۇل بەرگەندەك ئىشقىنى گۈلگە.
يۈرەك سۆزنى گىرەلەشتۈرۈپ،
باراۋەر، سەممىي ئىناقلىق ئۈچۈن
ئورنىتايلى جىلۋىدار ئۆلگە.

1983 - يىل 2 - سېنتەبىر، شىخەنزە

# شېئىر مەشرىپى

شىخەنزىدە ئۆتكۈزۈلگەن «بوستان
شامىلى» شېئىرىيەت يىغىنىغا بېغىشلايمەن.

جەم بولدۇق ۋەتەننىڭ يۈزلەپ شائىرى،
جۇڭغار باغرىدا،
ئالدى بىزنى قوينىغا بوستان.
سالاملىرىمىز خۇددى مەسنەۋى،
پاراڭلىرىمىز تۈگىمەس داستان.

سورۇنىمىز گوياكى مەشرەپ،
شېئىر ئۇنىڭ نەغمە - ناۋاسى.
سىمفونىيە بولۇپ ياڭرايدۇ بۇندا
خۇاڭخې - چاڭجياڭ،
جۇجياڭ - خېيلۇڭجياڭ
ھەمدە تارىمنىڭ جۇشقۇن ساداسى.
ئاقۋاش بۇغدا كۈلمەكتە ئەنە،
ئىجابەت بولغاندەك تەلەپ - دۇئاسى.

ئالىپ تىيانشان سەنەمگە دەسسەپ،
دىلكەشلىك بىلەن تارتتى ئۇسۇلغا
تەيشەن بىلەن ھىمالايانى.

ئۇ شۇتاپتا بوينىنى سوزۇپ
تەبەسسۇم بىلەن
تىيەنئەنمېنگە قاراۋاتىدۇ.
«ئەزان ئېيتقاندەك تۇرىدۇ» دەمسىز؟
يوقسۇ،
ئەنە تىكىشاپ بېقىڭا،
ناخشا ـ مۇقام تووۇلاۋاتىدۇ.

ئەنە
يۇركىنىپ ئۈزۈم بارانلىرىغا،
جالا ئېسىپ ئىشكلىرىگە،
ئېگىلىپ تۇرىدۇ كېمىر سارايلار.
«مەرھەمەت» دەپ،
ھۆرمەت لەززىتىگە تولدۇرار دىلنى
شەرۋەت يۇرتىنىڭ پەرىزاتلىرى—
كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايلار.

ھەم «رەھمەت»كە چۆمۈلەر دائىم
داستىخان يېيىپ يىلىقمايدىغان
ئۇيغۇر يوسۇنلۇق مېھماندوستلۇغى.
ھوكەزلەر ئېسىلغان باراڭ ئاستىدا
قىزىپ تۇرىدۇ كەچكى بەزمىسى،
تۆكۈلمەيدۇ نەغمە ـ ناۋاسى،
ئۆكسۈمەيدۇ كۆڭۈل خوشلۇغى.

ئېيتىڭا،
بۇ مېھرى ئىسسىق سارايغا

## تۇرپان مېھمانخانىسى

مانا، تۇرپان مېھمانخانىسى،
نەزىردىنى ئۆزەلمىدىم مەن
قالغاندەك ئاڭا كۆزۈم باغلىنىپ.
ئەركىم قېچىپ ئىلكىمدىن مېنىڭ،
كېتەلمىدىم يېنىدىن ئۇنىڭ،
ئويان ئايلىنىپ،
بۇيان ئايلىنىپ.

قاراپ راۋاق، مۇنارلىرىغا،
گويا بېشىم تاقاشتى كۆككە،
ئۆزەم يەردە تۇرسامۇ گەرچە.
كەينىدە نەپىس نەقىشلىرىدىن
ھوزۇرلىنىپ كۆزۈم تورلىشىپ،
پىچىرلايمەن مەستانىلەرچە.

كۆردۈم گويا مۇشۇ تاپتا مەن
زامان غۇرۇرىدا كۆكسىنى كەرگەن،
مەغرۇر گەۋدىنى.
كۆردۈم گويا
بەقەسەم تولۇق،
بادام دوپپىلىق
خوشال ئۇيغۇرنىڭ ھۆسنى، قەددىنى.

## چىن گەلچيۇ خاتىرسەگە

يىگىتلىكتە كۆرۈپ، زەرداپ بىلەن تولغان دىيارىڭنى،
بۇ دەرتكە تاپقىلى مەلھەم، ئۇنۇتتۇڭ يوقۇ- بارىڭنى.
ۋەتەن مۇھتاج ئىدى بەكمۇ يېتەكچى- رولچىغا شۇندا،
ئۇنى بەرپا قىلىشقا سەنمۇ قوشتۇڭ ئىقتىدارىڭنى.
دىلىڭنى ئىنقىلاپ ئىشقى قۇياشتەك ئىللىتىپ تۇرغاچ،
بۆسۈپ ئۆتتۈڭ جۇدۇنلارنى، سولاشتۇرماي باھارىڭنى.
يېقىپ مەشئەل، تىيانشان قەھرىگە يول كۆرسىتىپ بەردىڭ،
تۇمار قىلدى تۇمەن قەيسەر مەدەتنامە شېئىرىڭنى.
قاباھەتتىن تۆرەلگەنلەر بولۇپ بۇندىن ئالاقزادە،
كىشەنلەپ ئەيلىدى بەنت، سېنى، بارچە ھەققارارىڭنى.
ساڭا تىغ سانچىغان جاللات ئۆزى تەشۋىشتە مىڭ ئۆلدى،
ئۇنى سەن شەرمسار قىلغاچقا سانچىپ زۇلپىقارىڭنى.
ھاياتىڭ يولىنى توسقان بىلەن ياۋ ئۆزى چەيلەندى،
توساشقا قۇربى يەتمەستىن ھىساپسىز ئىزباسارىڭنى.
زۇلۇم دارى پاچاقلانغان زېمىندا قەد كۆتەردىڭ سەن،
سالام دەيمىز ھاياجاندا كۆرۈپ مەغرۇر مۇنارىڭنى.

1983 - يىل 25 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى.

قايسى، ئۆلكىدىن مېھمان كەلمىدى؟
يەتتە ئىقلىم سەييالىرىدىن
كىم ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلمىدى؟
ئاڭلىمىدىم دىمەڭلار يەنە،
كۆرۈپ ئۇنى روقمەن كۆز بىلەن
جۇڭنەخەيمۇ ئاپىرىن دىدى.

ھەر گۈلنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھۆسنى بار،
مىللەتنىڭ ئۆزىگە لايىق شەكلى بار.
مىمارچىلىق گۈلىستانىدا
ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلسا،
بۇنىڭ كىمگە،
نىمە دەخلى بار؟

ئەي گۈزەل تۇرپان مېھمانخانىسى،
قەدىم تارىخنىڭ يېڭى بالىسى.
سۇنۇلدى ساڭا مىسرالار بىلەن
يۈرىگىمنىڭ تەبرىكنامىسى.
شۇ سۆزگىمۇ قۇلاق سالسىنا،
گۈزەل ئۆلگەڭنى كەڭرى يايسىنا،
ئەي ئازات سەنئەت نامايەندىسى!...

1955 - يىل 15 - سېنتەبىر، تۇرپان - ئۈرۈمچى

چىڭ تۇتۇش. — مول ھوسۇلنىڭ كاپالىتى.
دوقالنىڭ ئاللىق پەسىل كۈنەندىسى
نەدە يوق ياخشى.. يامان رىقابىتى؟
دوقالنى ئۆستۈرۈش، دەپ سەل چاغلىما،
غاپىلغا چۈشەندۈر ئۆزنىڭ ئالاھىتى.
تەق قىلساڭ تەييارلىقنى سەگەك بولۇپ،
چاغلىقتۇر دوقالنىڭنىڭ كارايىتى.»

1984 - يىل ئاپرېل، ئۈرۈمچى

# ئېتىزدا باھار

قۇياشنىڭ ئۆرلىگەنچە ھارارىتى،
باشلاندى ئىللىق شامال زىيارىتى.
ئاق تېرىنى چۆرۈپ، يېشىل لىباس كىيىپ،
زېمىننىڭ جىلۋىلەندى قىياپىتى.
قۇشلارنىڭ نەغمىسىدىن سۆيۈندى جان،
ئەمەسمۇ نەغمە دېگەن جان راھىتى.
ئېتىزدا بەس - بەس بىلەن ئىش قايىندى،
دۇيجاڭنىڭ لازىم ئەمەس نازارىتى.
دېخان خۇش مايسىلارغا كۈلۈپ قاراپ،
بۇ يىلمۇ ئوخشايدۇ دەپ زىرائىتى.
ئوغلىغا تاپىلايدۇ دېخان بوۋاي:
«باشلاندى ئەمدى يۇرتنىڭ پاراغىتى.
ياراشتى ھۆكۈمەتنىڭ «ھالال ئىشلەپ
باي بولغىن» دېگەن يېڭى سىياسىتى.
پاتقانتى جېنىمىزغا نامراتچىلىق،
قوش ئەمدى جاپا بىلەن ئاھانىتى.
ئەمدىغۇ، ئىشلىگەننىڭ قەرزى تۈگەپ،
كۆپەيدى بانكىدىكى ئامانىتى.
باي بولغىن، بىراق ئاچكۆز بولما بالام،
بەك يامان ئاچكۆزلۈكنىڭ خىجالىتى.
باھارنىڭ ھەر كۈنىنى يىلغا تەڭ دەپ،

*

مەن ھېكەدىن ئاڭلاپ بۇ سۆزنى،
بەختۇتلۇغۇمنى يەنە بىر سەزدىم.
بۇ ئەتىۋا ئاچچىق ساۋاقنى
چاققاق چاققان يۈرىمگە يازدىم.

1984 - يىل 4 - ئىيۇن، قورغاس

# چوغلۇق يېنىدا چاققاق بار ئىكەن

چوغلۇققا قول ئۇزاتقان ئىدىم،
چېقىۋالدى چاققاق شۇ ھامان.
«نېمە قىلغىنىڭ؟» دېسەم، دەيدۇكى:
«مەن بۇ يەردە گۈلگە پاسىۋان».

چوغلۇق دېگەن سۆيۈملۈك بىر گۈل،
چوڭ بىر زىننەتتى باھارنىڭ - يەرنىڭ.
تۇۋا، نېمە لاياقىتى بار
پاسىۋان بولۇشقا گۈلگە زەھەرنىڭ؟

ھەيران بولۇپ ھەيرانلىغىمغا،
دېدى ھېكىم كېلىپ يېنىمغا:
«زەھەر ئوتىنىڭمۇ رەڭگى سەت ئەمەس
گۈلگىمۇ خېلى ئوخشاپ قالىدۇ.
گۈلگە ئوخشاش ئۇمۇ ھەمىشە
تەبىئەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ.
شۇ خىسلىتى ئاجايىپ ئۇنىڭ:
گۈلنىڭ يېنىدا ئۈنۈۋالىدۇ،
ياشاپ گۈلنىڭ باھانىسىدا،
گۈلگە پاسىۋان بولۇۋالىدۇ.
گۈل ئاشىقى سەگەك بولمىسا،
بارمىغىنى چىشلەپ قالىدۇ...»

ئىككى پۇڭ يەرگە
قوناق تېرىپ كۆكۋاش ساتقانمۇ؟»

گۇنا بولدى گۇنا ئۈستىگە
شۇ مەيداندا مېنىڭ بۇ سۆزۈم.
ئەۋجىگە چىقىپ تەستەك ئويۇنى،
قانغا بويىلىپ كەتتى باش-كۆزۈم...

☆

ئۇزۇن ئۆتمەي جاھان ئوڭشىلىپ،
تاپتى مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ئېمىن.
ئىش-ئوقىتىم كەتتى يۇرۇشۇپ،
«ئىشلەپ باي بول» دېگەندىن كېيىن.

تېرىلغۇدا مەن جەڭچى بولدۇم،
باغۋەنچىلىكتە ئۈلگە ئاتالدىم.
تاپاۋىتىمنىڭ ئۈستىگە يەنە
ھۆكۈمەتتىن مۇكاپات ئالدىم.

يەتتە جان بىز،
ئۈچ ئەمگەكچى بار،
بۆلۈشۈۋالدۇق ۋەزىپىمىزنى.
پېقىر باغنى ھۆددىگە ئالدىم،
خوتۇن كۆكتاتنى،
ئوغلۇم ئېتىزنى.

خوشنامغىمۇ يار-يۆلەك بولۇپ
دۇئاسىنى ئالدىم بوۋاينىڭ.

## پەشتاقتا

بىر تۇرۇپ ھەيران بولىمەن،
بىراق،
خوشاللىغىمدىن قىزاردى بېتىم.
ئالقىشلىنارمەن دىمىگەن ئىدىم
پەشتاقتا چىقىپ ئىككىنچى قېتىم.

دەل بۇنىڭدىن سەككىز يىل بۇرۇن
مۇشۇ مەيداندا،
مۇشۇ پەشتاقتا
لەنەتلەنگەنتىم «بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ،
بوينۇمدا تاختاي،
قولۇم باغلاقتا.

ئۇ چاغدىكى گۇنايىم شۇكى:
«كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان».
بىر نەچچە قېتىم كۆكچۈاش ساتقىنىم
بۇنىڭ ئىسپات - دەلىلى بولغان.

سوراپتىمەن مەنىمۇ ئۇلاردىن:
«كاپىتالىزىم دىگەن ئۇپقانىمۇ
ماڭا ئوخشاش

# سالامەت بولۇڭ

(ھۆرمەتلىك پېشقەدەم سەنئەتكارىمىز —
زىكرى ئەلپەتتايوپقا ئاتاپ)

ساز ئۈچۈن بەخشەندە بولغاچ بارىڭىز،
سازغا ئوخشايدۇ گويا دىدارىڭىز.
ناخشىغا جۆر ئەيلىدى، ئادەم تۈگۈل،
مەس قىلىپ بۇلبۇلنىمۇ دۇتارىڭىز.
چەكتى ئەلنىڭ قەلبى تارىنى ئەجەپ
ساز بىلەن قىلغان كۆڭۈل ئىزھارىڭىز.
يېڭى باپ بولدى مۇقام دىۋانىغا
جانغا راھەت جىلۋىدار «رۇخسار»ىڭىز.
تاش بىلەن گۆھەرنى پەرق ئەتمەيدىغان —
بىناۋالار بولمىسا خۇشتارىڭىز،
كارى چاغلىق بولسىمۇ ھاتەم ئۇلار،
شۇ غەنىمەت — بولسا خەلق دىلدارىڭىز.
نەغمىمىز ئەۋجى ئۈچۈن ساغلام بولۇڭ،
ئوڭلىنىپ كەتسۇن كېسەل - دىشۋارىڭىز.

1984 - يىل 2 - ئىيۇل

دىدى ئۇ: «تېخىمۇ ئامەتى كەلسۇن
ساڭا ئوخشاش يېڭىچە باينىڭ.»

بارغانسېرى ئۇزاردى قولۇم،
ئۆتتۈۋاتىدۇ ھەر كۈنۈم تويدەك.
كەپتۇ بولتۇر دارامىتىمىز
جان بېشىغا ئىككى مىڭ كويدەك.

«يېڭىچە باي» دەپ مۇبارەكلەندىم
ئىككىنچى قېتىم پەشتاققا چىقىپ.
يىغلىۋەتتىم
تاختاي ئورنىغا
تەقدىرنامىنى كۆكسۈمگە يېقىپ.

☆

بۇ يىل پەشتاققا
يېڭىچە بايلار
بولتۇرقىدىن ئارتۇق چىقىدۇ.
شۇ قاتاردا بولسەمەن مەنمۇ،
بولمىسا قانداق ھاردۇق چىقىدۇ.

1984 - يىل

ئاغرىق بولسىمۇ،
ياكى كەمبەغەل،
قەدىرلىكتۇر ئۆز ئاناڭ يەنە.
ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا سەھەتلىك.
ئۇنىڭسىز نەدە ساڭا تەنتەنە؟

تەڭ بەدەل بارمۇ ئانا ئەجرىگە؟
تەڭ باھا بارمۇ ئانا قەدرىگە؟
تەڭ ۋاپا بارمۇ ئانا مېھرىگە؟
تەڭ جازا بارمۇ ئانا قەھرىگە؟

كۆتىرىشلىك ئانا ھەممىدىن،
بىراق بۇنىڭمۇ چېكى يوق ئەمەس.
بوزەك قىلغۇلۇق ئەمەس ئانىنى،
ئانا ھەرگىز بوسۇنچۇق ئەمەس.

دۇنيادا ئەڭ گۇنا ئىش نېمە؟
ئانا قەرزىنى ئادا قىلمىغان.
دۇنيادا ئەڭ ئۇيات ئىش نېمە؟
ئانا دەردىگە دەرمان بولمىغان.
ياشاش نەقەدەر گۈزەل، كۆڭۈللۈك.
ئانا ئالدىدا بولماي گۇنالىق.
ئۆلۈمىڭمۇ بولىدىكەن توي،
ئاللىساڭ ئۇندىن رىزالىق.

## ئانا مېھرى

بالا يىغلاپ قىلسا قاغىشلىق،
ئانا ئۇرمايدۇ ئاغزىغا ھەرگىز.
بەلگى ئۆكۈپ،
باغرىغا بېسىپ،
دەيدۇ: «قوزام نېمە بولدىڭىز؟»

ئانا پەرۋانە ئۇنىڭ دەردىدە
بەخش ئېتىپ جىمى ئىشتىياقنى.
بىردەم پەپىلەپ،
بىردەم ئەمدۈرۈپ،
قۇرۇقدايدۇ بىردەم زاكىنى.

ئاچچىق دورىنى بېرىدۇ ھەتتا
ئاچرىمىسۇن دەپ بالا باغرىدىن.
دورىمۇ شىپا،
بىراق دورىمۇ
ئەلا ئەمەس ئانا مېھرىدىن.

بالا چوڭ بولۇپ ئەركىلىسىمۇ
كۆتىرىدۇ مېھرىۋان ئانا.
تۇزكور بولۇپلا كەتمىسە زادى،
بۇتناشلارنى سانىماس گۇنا.

تاشنى يېرىپ چىققان قارىغاي ئىكەن.
پاھ،
تەبىئەت نەقەدەر ئۇلۇغ سەنئەتكار،
ھەر بىر نەقىشىدە سانسىز جىلۋە بار.
ئۇ ھۈنەرگە چەكسىز باي ئىكەن.

1984 - يىل 4 - ئاۋغۇست، خۇاگېن

# چوققىدىكى قارىغاي

يىراقتىن قارىسام،
گويا تاغدىكى ئېگىز بىر ئادەم
چۈشمىسۇن دەپ بېشىغا ئاپتاپ،
يېشىل كۆنلۈك تۇتۇپ تۇرىدۇ.
ياق،
بۇ بەلكى ئۇنىڭ يامغۇرلۇغىدۇ،
چۈنكى ئۈستىدە
بىر پارچە ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرىدۇ.

قارىسام ئايلىنىپ يەنە بىر ياندىن
كۆنلۈكمۇ ئەمەس،
ياكى يامغۇرلۇق،
بەلكى بىر ھەيۋەتلىك ئەزىمەت بۈركۈت.
ئۇ كېرىپ يېشىل قاناتلىرىنى،
سوزۇپ يېشىل بويۇنلىرىنى،
ئىنتىلىپ تۇرىدۇ پۈتىنى جۈپلەپ،
گويا ئۇچۇشقا قىلىپ تەرەددۇت.

يېقىنراق بېرىپ قارىغان ئىدىم
ئادەم دېگىنىم بەلەن بىر چوققا.
كۆنلۈك، يامغۇرلۇق، بۈركۈت دېگىنىم

ئاستا - ئاستا قىزىلغا.
بولۇت ئەمەس، پەرىزات
كۆينەك كىيىپ شەپەقتىن،
چۈشتى لەرزان ئۇسۇلغا.

پەسكە باقساڭ ئىگىزدىن،
كۆرۈنىدۇ زىمىندىن —
ئاسمانغىچە باراقسان
بۇ گۈزەللىك ئالدىدا
تەنگە سىغماي قالىدۇ
ھاياجاندىن تىرىك جان...

خۇاڭسەن سېنىڭ باغرىڭدا
بولۇپ گويا قوزىچاق
ئويناقلىغىم كېلىدۇ.
بۇلۇت بولۇپ بىر تۇرۇپ،
ئاسمان پەلەك چوققاڭنى
قۇچاقلىغىم كېلىدۇ.

بۇلبۇل بولۇپ بىر تۇرۇپ
قۇشلىرىڭغا جۆر بولۇپ
خەندان ئۇرغۇم كېلىدۇ.
بولۇپ گويا كېپىنەك،
خۇش پۇراقلىق گۈلۈڭنى
شوراپ سۆيگۈم كېلىدۇ.

# خۇاڭسەنگە چىققاندا

بۇ يىل ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرىدا ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر گۈزەل مەنزىرىلىك تېغى — خۇاڭسەندە زىيارەتتە بولۇپ، بەكمۇ لەززەتلىك تەسىرات ئالدىم.

خۇاڭسەن، سېنىڭ تەرىپىڭ
يېتەكلەپ زوق - مەيلىمنى
ئېلىپ كەلدى ۋەسلىڭگە.
قەدەم قويۇپ باغرىڭغا،
يوقاتقاندەك ھوشۇمنى،
مەپتۇن بولدۇم ھۆسنىڭگە.

ئاتلاپ كۆرمىڭ پەلەمپەي
ئاسمان كۆلى * بويىغا
باردىم ئاخىر يېتىپمۇ.
باقسام راۋاق ئۈستىدىن،
ئايغا يېقىن قاپتىمەن،
پەستە قاپتۇ «قۇتۇپ» ** مۇ.

ئۇلتۇرغانچە قۇياشمۇ،
ئاق بۇلۇتلار ئايلاندى

* خۇاڭسەندىكى كۆل (بېيخەي).

* * قۇتۇپ — خۇاڭسەندىكى يۈكسەك بىر چوققىنىڭ نامى.

# يۈرەك سوغىسى

(شىنجاڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ
30 يىللىق تويىغا بېغىشلاپ)

سالام قازاق، سالام تۇققان قېرىنداش،
سالام ساڭا، قىزىل تۇغلۇق ۋەتەنداش.
شېئىرىم بىلەن چاچتىم چاچاي تويۇڭغا
بولغاچقا مەن سېنىڭ بىلەن يوسۇنداش.

تەبرىكلىدى ئاستانىمىز تويۇڭنى،
تەبرىكلىدى دوستلار كېلىپ ئۆيۈڭنى،
بىر سورۇندا دومبىراڭغا جۆر بولاي،
ئىچىپ تۇرۇپ قىمىزىڭنى، چېيىڭنى.

بىر ئەمەسمۇ بىر قازاندا قاينىغان،
بىر كۆيۈكتە يۈرەكلەرنى تاۋلىغان،
مۇسىبەتتە بەلگە بىردەك ئاق باغلاپ،
توي - تۆكۈندە بىللە ئۆلەڭ توۋلىغان.

بىر ئەمەسمۇ مۈلكىمىز تەڭ بۇلانغان،
بىر ئەمەسمۇ يامۇلغا تەڭ سولانغان،
تەڭ پالاق يەپ بىللە ئېقىپ قېنىمىز
ئوخشاش دەرتتە دىل رىشتىمىز ئۇلانغان.

بېلىق بولۇپ بىر تۇرۇپ،
كۆللىرىڭنىڭ قوينىدا
شۇڭغۇپ ئۈزگۈم كېلىدۇ.
ئاققۇ بولۇپ بىر تۇرۇپ،
بالىتچىدەك تولغۇنۇپ
جەۋلان قىلغۇم كېلىدۇ.

خۇاڭسەن، سېنىڭ پەيزىڭدىن
ئۆچمەس گۈزەل ئىز قالدى
مېنىڭ يۈرەك قەلبىمدە.
ياندىم قاراپ تىيانشانغا
سالىمىڭنى قۇچاقلاپ،
قالدى كۆزۈم كەينىڭدە.

1984 - يىل 4 - 7 - ئاۋغۇست، خۇاڭسەن

قىشقىرلار بازار تاپسا مۇبادا،
قۇربانلارمۇ قەۋرىدە جىم ياتامدۇ؟

پاسىۋانى بىر بىرلىكنىڭ، ئۇتتۇقنىڭ،
سۈيى ئورتاق بىللە قازغان قۇدۇقنىڭ.
ھوقۇق - ئورتاق گۈللىنىشنىڭ دەستۇرى،
مەستانىسى بوپ قالمايلى ھوقۇقنىڭ.

قازاق دوستۇم، مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس بۇ،
ماڭىمۇ سەن شۇنداق دېگەن ئەمەسمۇ؟
راست دېگەندەك، ئۇنتۇلسا بۇ ھەقىقەت،
يەتتە ئاتىمىز بىزنى نامەرت دېمەسمۇ؟

قازاق دوستۇم، ئاق ئۆيۈڭدە ئولتۇرۇپ،
ئاق قىمىزنى ئاق كاسىغا تولدۇرۇپ،
ئىچىشىپ، سۆزلەپ قالسام، ئەيىپ ئەتمە،
ئۇشۇق كەتسە، ئالاي ئۆزەم ياندۇرۇپ.

قىمىزىڭغا بەكمۇ لەززەت كىرىپتۇ،
بۇ لەززەتتىن كۆڭلۈم شۇنداق ئېرىپتۇ.
مەنمۇ مەڭگۈ سادىق دوستلۇق شەرتىگە،
ۋەدە - ۋەدە، ئالدىمدا ئاق تۇرۇپتۇ.

1984 - يىل، 31 - ئاۋغۇست

بىز ئەمەسمۇ جەڭدە بىللە يەڭ تۇرگەن،
بىز ئەمەسمۇ يىرتقۇچلارنى تەڭ سۈرگەن.
بىز ئەمەسمۇ قىزىل تۇغقا تەلپۈنۈپ،
ئازادلىقنىڭ لەززىتىنى تەڭ كۆرگەن.

بىز ئەمەسمۇ يېڭى ئۇلۇغ سەپەرنى —
بىللە كەزگەن يېڭىپ جاپا خەتەرنى؛
بىللە تارتىپ زىيانداشنىڭ دەردىنى،
بىللە كۈلگەن قۇچۇپ يېڭى زەپەرنى.

مەيلى قانچە بولسۇن مىللى پەرقىمىز،
ھەرگىزمۇ يات ئەمەس نىيەت ـ خۇلقىمىز.
تەقدىرىمىز تائەزەلدىن بىر ئىدى،
بۈگۈن ئۇلۇغ سوتسىيالىزىم خەلقى بىز.

بۇ ئورتاقلىق مۇشكۇللەرنى ئۆتكۈزدى،
بۇ ئورتاقلىق بىزگە دۇلدۇل مىندۈردى.
بۇ ئورتاقلىق قوغلاپ قايغۇ ـ ئەلەمنى،
بۇ ئورتاقلىق بىزنى بىللە كۈلدۈردى.

بۇ ئورتاقلىق بىزنىڭ ھايات ئوتىمىز،
مۇشۇ ئوتسىز ئىللىمايدۇ يۇرتىمىز،
بۇ ئورتاقلىق بىزگە قانات ھەمىشە،
بۇ قاناتسىز جەزمەن غۇلاپ كېتىمىز.

بۇنى ئۇنتۇپ قالساق، ئىشلار ئاقامدۇ،
ئورتاق ئارزۇ ئورتاق ئۇنۇم تاپامدۇ؟

ئېچى - جېچى بىرگە بۇ يەرنىڭ
بەش قولدەك ئېنىق بولغان بىلەنمۇ،
تېڭشاپ ماڭىمىز شەپە چىقارماي؛
تېڭشايدۇ يالغۇز قۇلاقلا ئەمەس،
باشتىن تارتىپ تاپانغىچىلىك
پۈتۈن بەدەنمۇ.

... سىپىل تۈۋىگە
بىرەر چاقىرىم قالغان ئارىدا
ھەيلىدىن بىرقىز قاچتى چىقىراپ.
ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ كەينىدىن
كەلدى بىرسى قوغلاپ ھاسىراپ.
تونۇۋېلىپ قوغلىغۇچىنى —
گومىنداڭچى ھەربى «نوچى»نى،
ئۆمىلەپ باردىم ئالدىنى توراپ.
دومىلتىپ بىر چىماق بىلەن،
كەجگىسگە مىنۋالدىمدە،
تارتىۋېلىپ تاپانچىسىنى،
ئاغزىغا پاختا كەپلەپ نىقتىلاپ،
ئېلىپ ماڭدىم
قولىنى كەينىگە ماتاپ پۇختىلاپ.

سەيدىشىم شۇئان
«بۇخەيپا» دەپ ئىللىق پىچىرلاپ
توختاتتى قىزنى.
ئۇ تېڭىرقاپ تۇرۇپ بىر ھازا
يىغلىۋەتتى كېيىن بۇقۇلداپ.
نەجاتكار دەپ چۈشىنىپ بىزنى.

# بىر سۈرەتنىڭ تارىخى

تونۇدۇڭمۇ بۇ كىمنىڭ سۈرىتى؟
سىنچىلاپ قارا،
ئوخشامدۇ ماڭا؟
«ئوخشايدىكەن ساڭا» دەيسەنا،
ئوخشايمەن ئەلۋەتتە ئۆزۈمگە ئۆزۈم-
سوراپ قالدىڭ،
تارىخىنى دەپ بېرەي ساڭا.

ئۇچامدىكىسى
گىمناستيوركا - يېڭىلا كىيگەن،
بېشىمدىكىنىڭ ئېتى «ئىسپانكا»،
ئاسقان تاپانچام ئولجىغا كەلگەن.
مەيدەمدىكى يۇلتۇز - مېدالىم،
بۇنى گېنېرال ئۆز قولى بىلەن
شىخۇدا بەرگەن ...

بىر ئاخشىمى
بۇيرۇق بويىچە
ئاتلاندىم «تىل» تۇتقىلى مەنمۇ،
بۇنداق پەيتتە
تىمىسقىلاپ ماڭماي بولامدۇ

ئاشۇ يىغىندا
گېنېرال ئۇسھاقبەك ئالدىغا كېلىپ،
«ئەزىمەت!» دەپ قولۇمنى قىسىپ،
ئۆز قولى بىلەن مۇشۇ مېدالنى
قويغان ئىدى مەيدەمگە ئېسىپ.
مەن مۇنبەردىن چۈشۈۋاتقاندا
مۇخبىر تارتىپ مۇشۇ سۈرەتنى
كېيىن گېزىتكە چىقاردى بېسىپ.
بۇ يالداما غۇرۇرۇم مېنىڭ،
شەرىپىم مېنىڭ.
چۈنكى بۇنى
ئىنقىلاپ ماڭا ئەيلىدى نېسىپ.

1984 - يىل 23 - سېنتەبىر، ئۈرۈمچى

ئۇ بىر يېتىم خەنزۇ قىز ئىكەن،
ئىسمى لى دا،
بىلىدىكەن ئۇيغۇرچە سۆزنى.
دېدى ئۆپكىدەپ:
«ماقۇل دېمەڭلار،
مەنمۇ سىلەرگە قوشۇلۇپ كېتەي.
ماقۇل دېمەڭلار
ئۆز قولۇم بىلەن
جېمىتتۇراي ماۋۇ دۆيۈزنى...»

ياندۇق ئاستا كەلگەن تەرەپكە،
يول بويى ئىنىق ئەھۋالنى بىلدۇق.
بىز تۇتقان «تىل» مۇھىم «تىل» ئىكەن،
ئۇنىڭ ئۇ تىگە باستۇرۇنچى مەخلۇق.
سەھەردە ئىشتاپقا تاپشۇرۇپ ئۇنى
باشلىقلاردىن تەشەككۈر ئالدۇق...
كېيىنچە لى دا
ئۆزى قاتتىق تەلەپ قىلغاچقا،
روتىمىزغا سېستىرا قىلدۇق.

بىز ھەپتىمۇ ئۆتمەي ئاردىن،
شىخۇ ئېلىنىپ بولغاندىن كېيىن،
غەلبە شېنىگە ئېچىلدى يىغىن.
ئالقىش ئىچىدە
قەھرىمانلارغا مېدال تاقالدى
ياڭرىدى قىزغىن تەبرىك، «ئاپىرىن!»

# رۇبائىلار

قەتردىن تولدۇ دېڭىزنىڭ قىنى،
دېڭىزسىز ئۈزەلمەس هايات يەلكىنى.
ئەگەر مىننەت قىلساڭ ئۆز قەترەڭنى سەن
ئۈزۈپ باققىنا شۇ قەترەڭدە، قېنى!

*

نامەرتلەر قورقۇنچاق كېلىدۇ قەۋەت،
بۇ شەكسىز ھەقىقەت، ئەزەلدىن ـ ئەبەت.
ياق، بار، دىسەڭ ئۇنىڭ قورقمايدىغىنى،
ھە راست، ئۇ قورقمايدۇ نومۇستىن پەقەت.

# ۋەسىيەت

ئاڭلىشىمچە، چەتئەلدىكى بىر دوستۇم
مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانىمىش.

مەن ئۆلسەم ئەگەر
ئىڭىگىمنى لەغەن بىلەن چىڭىتىپ قويۇڭلار.
جەسىدىمنى مەنتىگى بىلەن يۇيۇڭلار.
يەرلىكىمنى سادىر سوقىتان ئەسۋاپتا*
ئىگىز دۆڭدىن ئويۇڭلار.
يۈزۈمنى خانتەڭرىگە قارىتىپ ياتاي،
قىلۋە ـ پىلۋە دىگەن گەپنى قويۇڭلار.

* سادىر ئۇستام — مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىدا ئۆتكەن مەشھۇر تۆمۈرچى. ئۇنىڭ ياسىغان تۆمۈر ئەسۋاپلىرى بەك پۇختا بولغاچقا، «سادىر سوقىان» دىگەن سۆز پۇختا دىگەن مەنىدە ئىشلىتىلىپ كەتكەن.

نەدىن كەلدى دەيسەن، نەدىن كېلەتتى —
تۈنۈگۈن بىر قازغان ئاكوپ ـ كەمىدىن.

*

ھاقارەت تۆھمىتى كەلسە ھەرقاچان،
ئۇنى قاراقچىدەك كۆرىمەن ھامان.
مېھماندەك كېلىدۇ ماختاش تۆھمىتى.
بىراق، قاراقچىدىن مىڭ ھەسسە يامان.

*

سۆيگۈنگە كېلىدۇ تالاي خېرىدار،
ۋىجدانىغا باي بولساڭ، تاپتىڭ ئېتىۋار.
ئەگەر سۆيگۈڭ بولسا بەڭۋاشلىققا باي،
ۋىجدان گادايلىقى قىلار سېنى خار.

*

شېئىر يازمىغىن ھەۋەستىن ئەمەس،
مەن ئۈچۈن شېئىر ۋىجدان ئىشى، بەس.
پىكىر — يۈرىكىم، مىسرالار — تومۇر،
ھەرپلەر — قېنىم، ۋەزىنلەر — نەپەس.

*

قۇيۇن چىققاندا ھەممىدىن بالدۇر
ئۇچىدۇ قامقاق — بىچارە مەغرۇر.

*

تال .. تال كۈمۈش چاچلىرىڭنى ماڭا بەر ئانا،
تەشۋىشىڭنى بىللە قوشۇپ ئۆتكۈزگەن ماڭا.
سېنىڭ ئۆلمەس بەختىڭ بىلەن بىللە ياشاي مەن،
ياشلىغىمنى، شاتلىغىمنى بەخش ئېتىپ ساڭا.

*

مۇبادا راست بولسا ئەيسا قىيامىتى،
ۋە ساڭا پۈتۈلسە ئۇنىڭ جەننىتى؛
بۇ، مەن ئۈچۈن دوزاق، چۈنكى زەھەرغۇ
ۋەتەنىنىڭ ھىجرىدە جەننەت لەززىتى.

*

دىلبەرنىڭ كۆزىدىن كۈلكە ئاختۇرۇپ،
يېلىنىپ يالۋۇرسام شۇنچە ئاھ ئۇرۇپ،
ئۇ دېدى: كۆزۈمدىن كۈلكە ئىزلىمەك،
رەقىبىڭ كۆزىگە قادال ئوق بولۇپ!

*

بۇ بىنالار بەلەن بولدى ھىممىتىدىن
(بۇ تېخى بىر ۋاراق بەخت تومىدىن).

ئەمدى ئويلىسام ھەر ئۇزۇن سەپەر
ھازىرمۇ بار ئىكەن، قېنى سەن جۇرئەت؟

*

ئىمتىھان بەرمەي، ئاق قەغەز بېرىپ،
يۇرۇشتى بەزىلەر مەيدىنى كېرىپ.
ئۇنداقلار ھەرگىزمۇ تىكلەيدۇ كۆچەت،
مېۋىنى يەيدۇ شېخىنى يېرىپ.

*

ساقاللىرىغا خېلى ئاق كىردى،
رەڭگىگە ياشلىقتا يات سىياق كىردى.
بىراق، تووۋلاش ئۈچۈن يېڭى ناخشىنى
كۆڭلۈمگە تېخىمۇ ئىشتىياق كىردى.

*

مېنىڭلا راست دىيىش خەتەر شۇ قەدەر،
شۇنداق دەپ بولىدۇ ئادەم زومىگەر.
شەكسىزكى، ھەممىنى مۇشتلىغانلارنىڭ
ماكچىيار تۇمشۇغى ھەممىدىن بەتەر.

*

كىمكى مەستانە بولسا شۆھرەتكە،
بولىدۇ مۇھتاج ئۇ خۇشامەتكە.

— قىزىل يولغۇن تۇرۇپتۇ ياشناپ،
چۈنكى ئۇنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر.

*

ھەزەر قىل بەزىلەر «جۆندەش»كە ئۇستا،
بىر ئىشقا ئالدىدىن ئۆندەشكە ئۇستا،
ئەپلەشسە ئۆزىنى داڭلاشقا ئۇستا،
چاتىقى چىقسىلا دۆڭگەشكە ئۇستا.

*

جىق ئىشقا پۇتلاشتى ھەۋەس.. ھىرىسىم،
ئويلىسام بولدۇ كۆڭلۈم بىر قىسىم.
ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمىگەنلەرگە
كېلىدۇ ئەمدى ئەجەپ ھەۋىسىم.

*

تېرىق يەپ ماڭغانلار ئۇزۇن سەپەرنى،
قان بىلەن يېزىشتى شانلىق ئەسەرنى.
شۇنداق ئەسەرنى يىرتىشنىڭ ئۆزى
ئورغانلىق ئەمەسمۇ تاشقا گۆھەرنى.

*

ئۇزۇن سەپەردىن ئىچىلغاندا گەپ،
قاتنىشالمىغانغا قىلاتتىم ھەسرەت.

زىننەت مەستانىسىگە ياراشماپتۇ ئۇ
تۆگىگە كولدۇرما ياراشقانچىلىك.

*

مۇزدۇزلۇقنى ئۆگەندىم ئىشقىمنى بېرىپ،
يىگىرمە يىل ئىشلىدىم غۇلاچنى كېرىپ.
كېيىن گىلەم توقۇشقا يۆتكىگەن ئىدى،
قويدۇم ئىككى خالۋاپنىڭ بېشىنى يېرىپ.

*

سېكۇنلەرگە چىداپ تۇرۇپسەن،
بۇ خىسلەت بىلەن يېرىم يىگىت سەن.
پۈتۈن يىگىت بولىسەن دېسەڭ،
ماختاش ئالدىدا كەتمە ئېرىپ سەن.

*

بىر ئىشەك بېشىغا ئوراپ سەللىنى،
قاپتۇ بەك كۈلكىگە دوراپ موللىنى.
تېخىمۇ كۈلكىلىك ئەمەسمۇ مېنىڭ —
تۆرگە باشلىغىنىم «تەخسىر» دەپ ئۇنى.

*

ھەممىمىز سۆزلەيمىز ھەققانىيەتتىن،
يىراق ئاشالمايمىز شەرت-شارائىتتىن.

ساختا شۆھرەتتىن ئالتۇن تاپقانلار
ئايلىنار ئاخىرى ئۆزى ئەخلەتكە.

*

مەرتىۋە قوغلىشىپ تاپىماق ئىتتىۋار،
پەسكەشلەرگە لايىق ئىقتىدار.
خەلقنىڭ ئاددى چاكرى بولماق
كوممۇنىستلار ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىپتىخار.

*

چاخچاق قىلمايمەن قانۇنىيەتكە،
بوي سۇنمايدىكەن شەخسى نىيەتكە.
ئۇنىڭغا بوزەك بولمايدىكەنمەن
تايانسام پەقەت سەممىيەتكە.

*

ئىگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى.

*

زەر زۇننارغا شەيدا بولۇپ مۇنچىلىك،
بويۇنغا ئاسماقلىق ھاجەت قانچىلىك؟

ھەڭ ئەلا ھەق سۆزدە قارىلانغىنىم
يالغانغا يۆلىنىپ ئاقلانغىنىمدىن.»

*

دېيىدىڭ: «بولمايدۇ ھېساپ ئۆگەنمەي،
ھېساپنى ھەر ياڭزا ياساپ ئۆگەنمەي.»
ئاخىرى سوتلاندىڭ باغلىنىپ، چۈنكى
ھېساپتىن ئىلگىرى ئىنساپ ئۆگەنمەي.

*

تەييېرىڭنى سۆككەندىن كەتتىڭ يۈز تۇرۇپ،
ماختىغانلار قاچتى سېنى ئۆكتۈرۈپ.
ئەي نادان، بوۋايلار دېمىگەنمىدى:
«دوست ئېيتار يىغلىتىپ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ.»

نىمىز توغرا، نىمىز خاتا؟،
سورايلى مىزانچى ئەمەلىيەتتىن.

*

چاغلاتتۇر دۈشمەننىڭ ئەزۋەيلىگىنى،
يامىنى يوشۇرۇن قەستلەيدىغىنى.
خەتەرلىك ئەمەسمۇ قاۋىغان ئىتتىن
ئەركىلەپ تۇرۇپلا چىشلەيدىغىنى.

*

بىر ئوغرى دەندىدى دائىم تام تېشەپ،
بىر كۈنى مىجىلىپ قالدى تام بېسىپ.
راست ئىكەن: قوپۇرغا ئاستىدا ئۆلەك
تۇز يالىغان ئىتتا بولمىغى نېسىپ.

*

ئۇرۇشتىن كېيىن بىر قەھرىمان چىقتى،
ئاۋازى ھەممىدىن بەك يوغان چىقتى.
بىراق، شىھىت قېنى تىلغا كىرگەندە،
ئۇنىڭ ئاغزىدىن نە زۇۋان چىقتى.

*

مەرت ئېيتتى: «رەنجىم يوق باغلانغىنىمدىن،
بۇ مېنىڭ خاتا ئىش تۇتقانلىغىمدىن.

دۇنيادا راھەت ئىش ھەسەتخور ئۈچۈن،
ھەمىشە كىر كولاش تىرناق ئاستىدىن.
مىسالى، چىۋىنمۇ ئىزلەيدۇ راھەت
خۇش پۇراقتىن ئەمەس، ئۈزنىڭ ئەكسىدىن.

*

سالىرى ئۇلتۇردى مۇسارتنى، بىراق
قالدى شان ـ شەرەپسىز، لەنەتكە چۆكۈپ.
ئەزەلدىن ئايانكى، ھەسەتخورلارنىڭ
تاپقان نەرسىسىدىن يوقاتقىنى كۆپ.

*

كۆلگۈنچەك بولسىلا خۇش خۇي سانالسا،
بۇ باپتا يېتەلىمەس ھېچكىم تۈلكىگە.
بىراق ئۇ مەخلۇقنىڭ ياۋۇز مەقسىدى
ئورالغان بولىدۇ ھامان كۈلكىگە.

*

ئۆزگىنىڭ ئەيىۋىنى سۆزلىمەك ئاسان،
ئاسان ئەمەس سۆكۈش ئۆزىنى ئانچە.
دۇنيادا بولمايتتى نا ئادىل كىشى،
ئۆز پىشانىسىنى سىلىسا بارچە.

# پارچىلار

تۆن بويى بىدارنىڭ بەرى دەرۋىشمۇ،
هەزەر قىل، كىملەر بار ئۇنىڭ ئىچىدە.
ئوغرىمۇ كىيچىدۇ تۆندە ئۇيقۇدىن،
تىلغايدۇ ئىتسزنى قاۋان كىيچىدە.

*

ئەۋرىشىم بولسىلا، ياكى ئاق تۆسلۆك،
دىمەكلار ئادەمنىڭ كەمتەرىن دوستى.
چۆنكى تولغانماستىن يۆرەلمەس يىلان،
ئاق ئەمەسمۇ ئۇنىڭ قاسىرىغى - پوستى.

تاتازىسى بىلەن خەجلەۋېتىمىز.
ئالغان نەرسىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا،
ئۇنىمۇ باھارغا دۆڭگەۋېتىمىز.
يېنىكلەشسە يانچۇق قىرو پەسىلدە
پارچە پۇلنى تىترەپ ساناپ كېتىمىز.
ئەپسۇسكى، باھاردەك بايلىق قەدرىگە
كەچكۈزدە، شۇمشەيگەن چاغدا يېتىمىز.

*

مانىمۇ دېدىڭ: «ئەقىدەم ساڭا خاس،
مەن ئۇنى بەرگەن پەقەت دوستۇم ساڭا.»
كىم سېنى دوستۇم دىسە، دەپسەن يەنە:
«ئۆزگىگە يوق، بار پەقەت خۇشتۇم ساڭا.»
خۇي-مىجەزىڭ زادى شۇنداق بولسىلا،
دوست بولالمايدۇ شۇڭا ھېچكىم ساڭا.

*

سۈرەن-چۇقان بازار تاپقان مەھەلدە
ئىشمۇ كۆپ ئىدى، قەدرىمىمۇ ئاندىن.
ئاراملىق، مەرىپەت پەيتى كېلىپلا
ئىشىم، قەدرىم توگەپ، قالدىم زۇۋاندىن.

*

«ھەممىدىن قايسى ئويۇن ياخشى؟» دىسەم،
ئۇ دېدىكى: «توپىلاڭ ئەڭ ياخشىكەن.»
بۇ ئويۇنغا ئۆزى قاتناشماس ئىمىش،
ئەسلى قەستى توغاچ ئوغرىلاش ئىكەن.

*

كەلتۈرۈپ مۇشت ئاتقان ئىدىم ئۇنىڭغا،
ئۆزەمنىڭ تورۇمدىن كەتتىم يىقىلىپ.
بىراق ئۇ شۇ ھامان يۆلەپ تۇرغۇزۇپ،
بېشىمغا كىيگۈزدى دوپپامنى ئېلىپ.
شۇ چاغدا تىكىلىپ قارالماي ئاڭا،
پۇشايمان يىدىم مەن ھۇشۇمغا كېلىپ.

*

تىللىدىم كوچىدا خېلى ئادەمنى
ھار كېلىپ يۈزۈمگە قاراپ كۈلگىنى.
بىقىپ ئەيىنەككىمۇ ئۆزلەپ غەزىپىم،
شۇئان يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردۇم ئۇنى
ئانامۇ جىمىلەپ كايىدى ماڭا:
«يۈزۈڭنى پاكىزە يۇيساڭ ھەر كۈنى،
ئەينەكمۇ سۇنمايتتى، خەقمۇ كۈلمەيتتى؛
ھەيرانمەن، نىمىشقا بىلمەيسەن. شۇنى.»

*

شۇبىمىسىزكى، ۋاقىت ئەڭ ئىسىل بايلىق،
ياشلىق باھارىمىز ئەڭ باي ۋاقتىمىز.
بەزىمىز بۇ چاغدا سانىماي پۇلنى

*

ئۇ يىگىت كەلدى، ئىشكنى ئاچ، دېدى،
بەر جامالىڭدىن ئۇزۇق، مەن ئاچ، دېدى.
پېشانالماي قىز ئىشكنى ئاچقىلى
«ماڭا مۇشكۇل ساڭا كىرسە ئاچ» دېدى.

*

مېنى يەنچىپ قىلسا كۆل دەرت تۈگمىنى.
تاشلىما يار، ياغلىغىڭغا تۈگ مېنى.
بۇ تۈگۈن كېيەنگە ئۇخشاپ قالمىسۇن،
ئىزمە ئاچقىن ھەم قاداپ قوي تۈگمىنى.

*

مەيلى «سەت» دە، مەيلى «دۆت» دە يا مېنى،
ئەمما ئادەمنىڭ ئەمەسمەن يامىنى.
مۇكچىيىپ كەتسەمدۇ لازىم مەن ساڭا،
ياۋنى ئاتقاندا قىلارسەن يا مېنى.

*

سەن دېدىڭ: «ۋەدەمنى مەن بەلباغ قىلىپ،
چىقىمەن بۇ چۆلنى ئاۋات باغ قىلىپ.»

# تۇيۇقلار

ئالدىدا ھېجىردە پەريات چەك، دىدى،
سوڭرە ۋەسلىم تارىنى سەن چەك، دىدى.
«نە ئۈچۈن» دىسەم، «ۋىسالىنىڭ ئالدىدا
بار قىيىن بىر ئىمتىھانلىق چەك» دىدى.

*

چۆلدە قالسامۇ نە ھاجەت ئات ماڭا،
سىبىڭدى «مەجنۇن» دەپ چىرايلىق ئات ماڭا.
قېنى سەن لەيلى، مېنى ئۆلىيە دىسەڭ،
ئوق قىلىپ كىرپىكلىرىڭنى ئات ماڭا.

# ئىشقى غەزەللەر

## يارنى سېغىندىم

ئاھ، بۇ گۈلشەن باغ ئارا دىلدارنى سېغىندىم ئەجەپ،
تاڭغا تەلمۈرگەن كۆزى خۇمارنى سېغىندىم ئەجەپ.
دەرت ياراسى ئۇلغىيىپ، ھەسرەت-ئەلەمدە تولغىنىپ،
ھىجرى دەردىدە سېرىق رۇخسارنى سېغىندىم ئەجەپ.
ئارمىنى گۈياكى تاغ، لېكىن قەپەزدە باغرى داغ،
چوققىغا باققان ھامان شۇڭقارنى سېغىندىم ئەجەپ.
يۈرىگىنىڭ مېھرىدۇركى بۇ شېرىن رىغبەتلىرىم،
ھەر سۆزۈمدە ئاشنا-خۇشتارنى سېغىندىم ئەجەپ.
تاقىتىم پۈتمەكتە ھىجراندا، كۆزۈم بەك ئىنتىزار،
قاشى كامان، كىرپىكى ئوق يارنى سېغىندىم ئەجەپ.

1948 - يىل

ھەر كۆچەتنى مەنمۇ تىكىپ پەرۋىش قىلاي،
خۇددى قوشتاندەك سېنى باغ - باغ قىلىپ.

*

— كۈلگىنىڭ «ماقۇل»مىدى يا «ياق»مىدى،
ئۇ يىگىتنىڭ ساڭا نەرى ياقمىدى؟
— ئەيىبى شۇ: ماڭا تەگمەستىن بۇرۇن
باغرىنى ئەل باغرىغا چىداش ياقمىدى.

*

مېنىڭ تەخت - ئوردىسىدۇر باش قىنى،
مېڭە يالغاۋ بولسا دېيمىز: «باش قېنى؟»
كىمگە ھاكىم بولمىسا ئۆز مېڭىسى،
بولماس ئاقىل دورىغانغا باشقىنى.

*

چاغلىماي سۆز قىلسا ئاندى - ئارقىنى،
دەيدىكەن خەق: «سەندە نومۇس - ئار قېنى؟»
گەر خاتاغا كەلمىسە دەرھال جازا،
يوق دېمەك، ھەقنىڭ ئۆزۈندۇر ئارقىنى.

*

كۆيلىسەم دىل رىشتىسىنى تارقىلىپ،
خۇش قىلار ئەل - يۇرتنى نەغمەم تارقىلىپ.
كەڭ، يېشىنلىق بولسا سورۇن قانچە خوپ،
بولماس ئەمدى ئۇنى قىسقىر، تارقىلىپ.

1978 — 1982 - يىللار

## يار ئىشقىدا

تاقىتىم تاق بولدى بارغانچە گۈزەل يار ئىشقىدا،
تەلپۈنۈپ ئۇچماق تىلەيدۇ كۆككە دىلدار ئىشقىدا.
كىم مېنى مەجنۇن دىسە، لەيلىنى ئىزلەيدۇ دىگىن،
كۆيمىسە مەجنۇن بولامدۇ جانى خۇشتار ئىشقىدا.
ھەر سابادىن خەۋەر ئالسام، يار ھامان غەمكىن ئىكەن،
بارمىسام كۆيدى سۇ باغرى ۋەسلى دىدار ئىشقىدا.
ئايلىرى ھەم يىللىرى ئۆتمەكتە زۇلمەت ئىلكىدە،
مەن ئىچۈك ئارام تاپاي دەرتكە گىرىپتار ئىشقىدا.
كۈن - تۈنى بۇلبۇل بولۇپ، ھەسرەت چېكىپ سايرايدىكەن،
كۆزىدىن ئاققاندۇ قانلار گۈل چىمەنزار ئىشقىدا.
جۇرئىتىنىڭ كۆڭلىنى كۆيدۈردى ھىجرانىنىڭ دېغى،
ھەيلى، بۇ جانىم پىدا ئاشىق تەلەپكار ئىشقىدا.

1948- يىل سېنتەبىر، غۇلجا

# ئۆرتىدى

بۇ يۈرەكنى، ئەي نىگار، ئاھۇ پىغانىڭ ئۆرتىدى،
بىگۇنا يەرگە تۆكۈلگەن لالە قانىڭ ئۆرتىدى.
جۇت زىمىستان دەھشىتى قىلغاچقا باشىڭغا ھۇجۇم،
ياشىرالماي سارغىيىپ سولغان خازانىڭ ئۆرتىدى.
پۇت - قولۇڭ زەنجىرگە بەنت تۇتقۇن كەبى غەمخانىسەن،
شۇم چايانلار ئۇۋىسى زىندان ماكانىڭ ئۆرتىدى.
كۆزلىرىڭدىن ئاقتى ياش، باغرىڭدا يالقۇنجايدۇ ئوت،
يۈرىگىمنى ياش ئەمەس، ئوتلۇق قىيانىڭ ئۆرتىدى.
ئىنتىزارلىق ئوتىدا سەكپارىدۇر باغرىڭ سىنىڭ،
جۇرئىتىڭنىڭ كۆڭلىنى ۋەسلى خىيالىڭ ئۆرتىدى.

1949 - يىل

# يىغلىما

ئىچ - ئىچىڭدىن ئۆرلىتىپ ئاھ، ئەي قەلەمقاش، يىغلىما،
كۆزلىرىڭدىن مۇنچىلىك كۆپ ئاقتۇزۇپ ياش يىغلىما.
يىغىدىن ئادەم تەسەللا تاپسا، مەيلى يىغلىساڭ،
لېكىن ھەرگىز كۆز يېشى بولماس يۆلەكداش، يىغلىما.
شۇ يىگىت گۈل بەردى دەپ سەن ئالدىراپ كۆلگەن ئىدىڭ،
كۆلمىسۇن خەق، ئەمدى نامەرت ئاتىنى دەپ تاش، يىغلىما،
تىل بىلەن دىلنى ھەمىشە بىر تۇتاش دەپ ئويلىدىڭ،
ھەممىنىڭلا تىل - دىلى بولمايدۇ ئوخشاش، يىغلىما.
يارىشىملىق خۇي دىدىڭ يىگىتكە بەگۇۋاشلىقنى سەن،
سېنى يىغلاتقانغا خۇش ئۇ كەسپى بەگۇۋاش، يىغلىما.
پەس ھەۋەس - ئالدىجاناپلىق ئوت بىلەن سۇدۇر گويا،
بولمىدى دەپ بۇ ئىككىيلەننى نىشانداش، يىغلىما.
كۆك چىمەن دەپ يۈگۈردۈڭ يالاڭ ئاياق، سايدى تىكەن،
يىڭنە سانچىپ ئالغىچە بەر ئەمدى بەرداش، يىغلىما.
جايىقىغىن، كۆپتۈر مۇھەببەت كوچىسىنىڭ ئوي - دۆڭى،
ئەمدى بولغاي ئىبرىتىڭ باشلامچى يولداش، يىغلىما.

## قەدىرلەيمەن سېنى جانان

ھەمىشە كۆيلىگەندە مەن مۇھەببەتنى،
بېغىشلايمەن ساڭا جانان تالاي بەتنى.
زوراۋانلار ماڭا مۇشت تەڭلىگەن چاغدا،
مېنى سۆيدۈڭ، قىلىپ رەت قارغۇ تۆھمەتنى.
مۇھەببەتنى چۈشەندىم مەن شۇ جۇرئەتتىن،
بىرىپ زەر، ئالغىلى بولماس بۇ خىسلەتنى.
شۇڭا دەيمەن: سېنى سۆيمەكلىكىم جانان،
ئەمەسمۇ خۇددى سۆيگەندەك ھەقىقەتنى.

1979- يىل يانۋار، بېيجىڭدە

# مەيلىمۇ

كەلمەك بولۇپ سەن كەلمىدىڭ، سۆز بولسا يالغان مەيلىمۇ؟
ۋەسلىڭگە ئىمكان بەرمىدىڭ، كۆيدۈرسە ھىجران، مەيلىمۇ؟
كۆرمەي سېنى بىغەم ئىدىم، ئازادە - خاتىرجەم ئىدىم،
باغلاپ ئەقىدە مەن ساڭا، بولسام پەرىشان مەيلىمۇ؟
ئىشقىڭ ئۇرۇق، كۆڭلۈم زېمىن، ئاھىم شامال، ياشىم يېغىن،
ئەيلەپ ئېكىننى پەرۋەرىش، ئاچ قالسا دېھقان، مەيلىمۇ؟
مەن ئەيمىنىپ گەپ ئاچمىغان، بۇ قىسسىنى سەن باشلىغان،
ئەپسۇس، تېخى پۈتمەي تۇرۇپ، يىرتىلسا داستان، مەيلىمۇ؟
كۈلگەن ئىدىڭ سەن گۈل بولۇپ، مەن سايرىغان بۇلبۇل بولۇپ،
بۇلبۇل كېتىپ، قۇزغۇنغا جاي بولسا گۈلىستان، مەيلىمۇ؟
مېھرىڭگە مەن لايىق ئىدىم، لەۋزىمگە چىن سادىق ئىدىم،
سادىقلىغىمدىن خارلىنىپ، ئۆرتەنسە ۋىجدان، مەيلىمۇ؟
ئالدانغىنىڭدىن تۈلكىگە، قۇيدۇڭ مېنى ھەم كۈلكىگە،
ئالدامچى يىرتقۇچ ئالدىدا خارلانسا ئىنسان، مەيلىمۇ؟
تۆھمەتتە تەسۋىرلەپ مېنى، ئالدامچى ئازدۇردى سېنى،
مېنى ھەسەتخور دەرمۇ دەپ يۈرسەم خىرامان، مەيلىمۇ؟
كىم بار نادانلىقتىن ھايان تاپقان، چوقۇم تارتار زىيان،
سەن ئايرىلىپ سەرمايىدىن، قىلساڭ پۇشايمان مەيلىمۇ؟

# ئەمدى ئېغىز ئاچما

پەدەز بىلە ماختانما چىمەننىڭ گۈلى مەن دەپ،
چوقان بىلە لاپ ئۇرما سەھەر بۇلبۇلى مەن دەپ.
قىلماقچى ئىدىڭ ئەسلى ۋاپا باغىنى پەرۋىش،
تۇردۇڭ، ئەجەبا، ئەمدى بىراقلا يۇلمەن دەپ.
ئىللىتى دېۋىدىم مەن سېنى لەۋزىڭگە قاراپ، ۋاي،
كۆكلۈك مۇز ئىكەن، يۈرمە باھار مەھسۇلى مەن دەپ.
قىلماقچى ئىكەنسەن ھەۋەسىڭگە مېنى بەندە،
بەس، ئاچما ئېغىز ئەمدى ماڭا جۆر بولىمەن دەپ.
دەپسەندە قىلىپ ئۆزگىنى، كۆلمەكچى ئىكەنسەن،
يىغلاپ قالىسەن بۇ كەبى ئويناپ - كۈلمەن دەپ.

## ئۆرگىلەي

گۈلباھار، گۈل مەشۇقۇم، يازغان خېتىڭدىن ئۆرگىلەي،
جانغا ئارام، دىلغا شاتلىق رىغبىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
مەن پىراقىڭدا گويا چۆل-دەشتتىكى تەشنا ئىدىم،
خەت بىلەن كۆڭلۈمگە سۇنغان شەربىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
پاك مۇھەببەت دۈشمىنى قىيناپتۇ ياردىم بەك سېنى،
ئاشۇ كۈلپەتلەرنى يەڭگەن غەيرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
بىنىقامىنا مەن ئەمەسمەن دەپ مۇھەببەت ساتقۇچى،
تەڭلىگەن رەڭدار بىر سوۋغا نەپرىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
تەڭ باھاسى زەردىن ئارتۇق دىگەنىڭ، چىڭ بايلىقىڭ،
قەدرى-قىممەت ئۆلچىمى گۆھەر دىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
«مەن يىراقتىن كېچەمەن ساتماقچى بولسا مېنى» دەپ،
ئىلىنغان «قارغىش»نى كۆزگە جۈرئىتىڭدىن ئۆرگىلەي.
مەن كۆرۈپ خەتنى، ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى ساڭا،
جان تىكىپ قىلغان قەسەمدەك ھۆججىتىڭدىن ئۆرگىلەي.

## مەلھەم ئوق

يا قىلىپ كۆزلۈك قېشىڭنى ئاتتى بىر پەيكان ماڭا.
سانچىلىپ قالدى يۈرەككە، دەل تېگىپ شۇئان ماڭا.
بۇ ئوقۇڭدىن زەخمە يەپ قىينالغىنىمنى بىلمىدىم،
يا ھوشۇم كەتتى مېنىڭ، يا بولدى ئۇ دەرمان ماڭا.
ھەممە دەيدۇ: ئوق خەتەرلىك، قالغۇلۇق ئاندىن ھەزەر،
بۇنچە خوپ ئوق ئالدىدا لازىم ئەمەس قالقان ماڭا.
ئەمدى بىلسەم ئوق ئەمەسكەن ئاتقىنىڭ، مەلھەم ئىكەن،
سەن ئىكەنسەن دەردكە دەرمان بولغۇدەك لۇقمان ماڭا.
سەزدى قەلبىم ئاشۇ مەلھەمدىن ۋاپادار مېھرىنى،
يوق بۇ ئىشقىم بابىدا بۇندىن بۆلەك ئارمان ماڭا.
پاك نىيەتلەر ئەيلىگەي زوق پاك مۇھەببەت ئەھلىگە،
بەختىيارمەن گەر مۇناسىپ بولسا بۇ ئۇنۋان ماڭا.
جانىپىدا قىلسام سېنىڭ مېھرىڭ ئۈچۈن، يوقتۇر غېمىم،
سەن ماڭا جانان ئىكەنسەن، شۇ ئەمەسمۇ جان ماڭا.

## كۆتۈپ

مەن ئۆزەم بەك گۈل ئىكەنمەن لەۋزى يالغاننى كۈتۈپ.
خۇددى ناداننى ئۇنۇلدۇرغۇچى تاداننى كۈتۈپ.
تەلمۈرۈپ گويا بۇلۇتلۇق كۆكتە باقتىم تۈن بويى،
يۈزنى كۆرسەتمىگەن پىنھانىي چولپاننى كۈتۈپ.
سۆيگۈ ئوتىدىن بەتەر بۇ ئىنتىزارلىق ئۆرتىدى،
مەن قوشۇپ ئالدىم ئەلەم دەردىمگە دەرماننى كۈتۈپ.
بىللە مەنزىلگە بارارمەن دەپ ياياق قالدىم ئۆزەم،
بۇ تەرەپكە رايى يوق بىر غەيرى كارۋاننى كۈتۈپ.
ۋەدىسىدىن شات بولۇپ قالدىم ئازاپقا ئاقىۋەت،
ئەسلى شاتلىقنى ئەمەس، بەلكى پۇشايماننى كۈتۈپ.
ئاخىرى تاپتىم سەۋەپنى، ئۇ شۇڭا كەلمەپتىكەن
لەۋزى ئەجرىگە مېنىڭدىن لەئلۇ مارجاننى كۈتۈپ.
سەن ئۈچۈن گويا مۇھەببەت كوچىسى بازار ئىكەن،
نەقلاي ئىشقىمغا سەندىن پايدا-ۋىجداننى كۈتۈپ.

## باشقىسى

بارمىدۇ ئالدىڭدا خار بولغۇچى مەندىن باشقىسى،
بارمىدۇ ئادەمنى خار قىلغۇچى سەندىن باشقىسى.
ئاقىۋەتنى ئويلىماستىن، باشتا شۇنداق دەپتىمەن:
«يوق جاھاندا ماڭا لايىق سەن لېۋەندىن باشقىسى».
سىنچىلاپ باقمايلا مەن ھۆسنۈڭنى گۈل چاغلاپتىمەن،
بولمىدى لېكىن مۇيەسسەر شۇم تىكەندىن باشقىسى.
قۇلغا ئايلاندىم گويا سەن زوراۋاننى يار تۇتۇپ،
بولمىدى ھەرگىز نېسىپ زەنجىر-كىشەندىن باشقىسى.
ساڭا باغلانغاچقا، ئايرىلدى بۇرادەر-دوستلىرىم،
مەن ئۈچۈن يوق ئەمدى «خوپ بولدى» دىگەندىن باشقىسى.
شاھى تون شەيداسىغا شەيدالىغىڭدىن كەچمىسەڭ،
ھېچ راۋا بولمايدىكەن تەنگە كېپەندىن باشقىسى.
بارچە ئىشق ئەھلى مېنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن كۆز ئېچىپ،
بولمىغاي دۇچ مەن يولۇققان دەرتكە مەندىن باشقىسى.

# ئالدىدا

ئەي گۈزەل، قەدرىڭنى بىل، باش ئەگمە ئالتۇن ئالدىدا،
خارلىما ئالتۇن بويۇڭنى ساختا دۇردۇن ئالدىدا.
سەن ئىدىڭ دۇنيا قىزىل گۈل، ئەسلى بۇلبۇل ئاشىقى،
كىم ئېچىنمايدۇ شۇ گۈل خار بولسا قۇزغۇن ئالدىدا.
كىم مۇھەببەتنى ئويۇن چاغلاپ كۆڭۈلنى ئىزلىسە،
كۈلكىگە قالغان ئۆزى ھەتتاكى مايمۇن ئالدىدا.
زەبۇنى سىنت دەپ مازاق قالغۇچىنىڭ كۆزى بىلەك،
لېكىن ئۇندىن ئۆزگە ئوز بولغانمۇ مەجنۇن ئالدىدا.
بولمىسا گەرچە مېغىز، پوستى ئۇنىڭ ئەخلەت - شاكال،
خۇددى شۇ ھەر نەرسىنىڭ شەكلىمۇ مەزمۇن ئالدىدا.
ئايلىنارمىش دىۋىمۇ زىبا سەنەملەر جىنسىگە،
لېكىن ئىنسانىي مۇھەببەت خەس ئۇ مەلئۇن ئالدىدا.
چىن مۇھەببەت قۇدرىتى ئالدىدا مەغلۇپ ساختىلىق،
تۈلكىنىڭ ساق قالمىغى مۇمكىنمۇ كەلكۈن ئالدىدا.

# مەن بەختىيار

سۆيگۈ باغىمغا يېتىپ كەلدى باھار، مەن بەختىيار،
سىردىشىپ تاپتىم ئۆزەمگە جۈپ نىگار، مەن بەختىيار.
مەن ئەگەر دېخان بولۇپ، چۈشسەم ئېتىزدا ئومىغا،
زوق بىلەن كەينىدە باغ باغلايدۇ يار، مەن بەختىيار.
دەستىگاھتا مەن ئەگەر تىلسام ياغاچ، يارمۇ كېلىپ،
رەندىلەپ تاختايىنى ئەيلەر جىلۋىدار، مەن بەختىيار.
مەن ئوقۇغۇچى بولۇپ ھازىرلىسام دەرس، يار ھېرىپ-
كەلسىمۇ ئىشتىن، ئۇنى رەتلەپ تۇرار، مەن بەختىيار.
مەن ئەگەر شائىر بولۇپ، يازسام شېئىر، ئىلھام قىلىشار،
پۈتكىچە مەندىنمۇ ئارتۇق ئىنتىزار، مەن بەختىيار.
مۇڭغا چۆمسەم مۇڭلىنار، كۈلسەممۇ بىللە كۈلكىسى،
خۇشلۇقۇم — قايغۇمغا شېرىك غەمگۇزار، مەن بەختىيار.
بىز ھامان سىرداش، يۆلەكداش، تاپا-تەنە بىزگە يات،
شۇڭا ھەرقانداق جاپا قىلمايدۇ كار، مەن بەختىيار.
«نە ئۈچۈن سەن ماڭا مۇنچە مېھرىۋان-ئامراق» دېسەم،
«ئۆز غېمىڭگە بەنت ئەمەسسەن» دەيدۇ يار، مەن بەختىيار.
«بالىمىز تارتسۇن ساڭا» دېسەم، «ساڭا تارتسۇن» دېدى،
ئىككىمىزگە ئوخشىسا، يار بەختىيار، مەن بەختىيار.

1970 — 1983 - يىللار

# هوي بالا

هوي بالا، ئېيتقىن، كىم بولىسەن؟
ھەر كۈنى باغقا بىر كېلىسەن.
بەلكى كىتاپمۇ ئەپكېلىسەن،
يا ئوقۇمايسەن، نېمە قىلىسەن؟
«ئۆرگىنىمەن» دەپ ناخشا ئېيتسەن،
ئېيتقىنا، كىمدىن ئۆرگىنىسەن؟

ئايلىنىسەنغۇ سەن مېنىلا،
زادى نېمانداق شوخ بالىسەن؟
ئاچقان ئەمەستىم ساڭا چىراي،
سەن نېمە مەقسەتتىن كۈلىسەن؟

پەملىگۈدەك بولسام سېنى مەن،
سۆيگۈگە مەپتۇن بايقىلىسەن.
مەن بۇ چىمەننىڭ بۇلبۇلى دەپ،
مېھرى گۈلۈمگە ئىنتىلىسەن.

ئويلىغىنىم يوق سۆيگۈنى مەن،
ئالدىرىما سۆز ئاچقىلى سەن.
مەن مۇشۇ ئىلمي مەپتۇنىدەن،
جورىساڭ ئەقلىڭنى، بىلىسەن.

سەنمۇ كىتاپنى راست ئوقۇغىن،
بولما ھەۋەسنىڭ زاغ قولى سەن.

# شۇندىن بېرى

مەن ئۆزەم ئۆزەم ئەمەس شۇ باققا كىرگەندىن بېرى،
ئوخشىدىم پەرۋانىگە سەن يارنى كۆرگەندىن بېرى.
ئەگدى شاخنى مېۋىسى، تىللارنى ياردى شىرنىسى،
پەرۋىشىڭدىن باغ قېنىپ لەززەت سۈمەرگەندىن بېرى.
باغ قىزى، باغ مەپتۇنى، باغ ئاشىقى قىلدىڭ مېنى،
باغقا باغلاندىم ساڭا ئىشقىڭنى بەرگەندىن بېرى.
مەنمۇ سەن تىككەن چېرەدەك باغقا تارتتى يىلتىزىم،
مەپتۇنىڭمەن سەنئىتىڭ پەيزىنى سۈرگەندىن بېرى.
شەرۋەت ئىزلەپ، خەيرىيەت، تاپتىم لېۋىڭدىن ئاقۋەت،
سېنى مەن ئۆلگە قىلىپ يېڭىمنى تۈرگەندىن بېرى.

# خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم

خەت يېزىپسەن رەنجىشتىن كەچكىنىڭنى بىلدۈرۈپ،
يەرگە كىردىم مەن خىجىللىق ئاتىمدا خەتنى كۆرۈپ.
سەن ماڭا سۇنغان ئىدىڭ راست، تۇنجى سۆيگۈنىڭ گۈلىنى،
شۇ ھامان قىستان ئىدىم، تۇرغاچقا مەنمۇ تەلۋۈرۈپ.
ئاشۇ كۆكلەم پەسلىدە ھۆسنۈڭگە خوپ شەيدا بولۇپ،
شاتلىقىڭدىن سېنىمۇ يۈرگەن ئىدىم مەن كۈلدۈرۈپ.
بىر قۇيۇن كەلگەن ھامان، كۆزگە كۆرۈندىڭ ئۆزگىچە،
تەكتىگە يەتمەي ئۇنىڭ، كەتتىم ئۆزەممۇ ئۆزگۈرۈپ.
ساڭا تۆھمەت دېگىنى چۈنكى ئەجەپ قىلدىم ئەلەم،
بىر كاساپەت ئىلكىگە كۆڭلۈم شېخىنى ئەگدۈرۈپ.
ئاخىرى تىنجىپ قۇيۇن، ساھىلىدا چىنىڭ سەن ئامان،
مەن بۇرۇختۇم بولدۇم ئەپسۇس يەلكىنىمنى چۆكتۈرۈپ.
ھەسرىتىم ئارتىمنى ئويغاتقاچقىمۇ، چەكتىم ئازاب.
قىلمىشىمنى قايتا كۆز ئالدىمغا بىر - بىر كەلتۈرۈپ.
شۇندا چاقىلىپسەن باھارغا سەن مېنى، قانداق باراي،
مەن دوقالغا جۆر بولۇپ، كەتسەم باھاردىن يۈز ئۆرۈپ.
خەتتە دەپسەن: چوڭ گۇناھكار نەس دوقال ھەم شۇم قۇيۇن،
بىر ئەمەس، ئۇ قانچىلارنى قىلدى ۋەيران تەزدۈرۈپ.
ياق، ماڭا ئاز «قارا يۈز شەرمەندە» دەپ قويسا لەقەم،
ھەم سازايى قىلسىمۇ ئىشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ.
تىللىساڭمۇ مەيلىدى، چىللاپ بەتەر قىلدىڭ خىجىل،
مەن باراي ئالدىڭغا قايسى يۈز بىلەن، قانداق يۈرۈپ.

ئايىنىۋەرمە سەن مېنى كۆپ،
بىلمىسا، دەشنەم يەپ قالسەن.
پەسلى كېلىپ گۈل قارشى ئالار،
بولساڭ ئېلىمىنىڭ بۇلبۇلى سەن.

# ئانا، مېنىڭ ئۆز خىلىم بار

ئانا، ئۇ «يىگىت»كە دالالەت قىلىپ،
چېچىلماق، دىلىمنى جاراھەت قىلىپ.
تونۇيمەن ئۇ يۈزسىز ھايانكەشنى مەن،
بولۇپ قاپتۇ «يۈزلۈك» تاپاۋەت قىلىپ.
ھەمىشەملا پىنھان ئۇنىڭ سودىسى،
سېزەلمەيدىكەنسىز نازارەت قىلىپ.
بېرىپ ئانىسىنى قويۇپ ئاچ-يېلىڭ،
سەتەڭلەرگە تۈندە زىياپەت قىلىپ؛
بېرىپ سوغا ئاچكۆز ئەمەلدارغىمۇ،
پالاقلايدىكەن بەك خۇشامەت قىلىپ.
ئەگەر مەن ئىلىنسام ئۇنىڭ ئىلكىگە،
مېنى خارلىماسمۇ ھاماقەت قىلىپ.
يېتەر ئەمدى تۇسماڭ يولۇمنى مېنىڭ،
چۈشەدىمەي ماڭا دوق-ئاھانەت قىلىپ.
مېنىڭ ئۆز خىلىم بار ئۆزەم تاللىغان،
ئۇ يۈرمەس غەلىتە تىجارەت قىلىپ.
ئۇنىڭ مەنىۋى بايلىقى شۇنچە كۆپ،
ساداقەتكە قويغان ئامانەت قىلىپ.
ياشايدۇ خوشامەت-تامادىن يىراق،
ھالال مېھنىتىگە قانائەت قىلىپ.

## ئەجەپ گەپقۇ

مېنى سەن بىۋاپا دەيسەن، ئۆزەڭ قانچە ۋاپا قىلدىڭ؟
ئەجەپ گەپقۇ، نىمىشقا بۇ ئاھانەتنى ماڭا قىلدىڭ؟
لىۋىڭدىن مەي بېرەي، كۆلدەك ئىچىلگىن، دەپ مېنى گوللاپ،
سىلىپ جىسمىمغا تەشنالىق، يۈزۈمنى كەھرىۋا قىلدىڭ.
ماڭا سەن گۈل تاقايمەن دەپ ۋە لېكىن ئاتتىڭ ئازغاننى،
بۇ قانداق گۈل تاقاش بولدىكى، باغرىمنى يارا قىلدىڭ،
كۆتەرگەيمەن بېشىمدا دەپ لاپ ئۇرغانتىڭ (كۆتەرمەي قوي)،
مېنىپ گەجگەمگە ئەكسىنچە «ئېلىپ» قەددىمنى «يا» قىلدىڭ،
مۇھەببەتنىڭ مۇھىم شەرتى ئەمەسمۇ تەڭ ـ باراۋەرلىك،
مېنى نىچۈن ساناپ داڭگال، ئۆزەڭنى بىباھا قىلدىڭ؟
ۋاپانىڭ مەنىسى تەتۈر ئىكەن سەن ئوقۇغان باپتا،
ئەمەس بولسا، نىمىشقا مەن ۋاپا قىلسام، جاپا قىلدىڭ؟
جاھاندا تۇتىيانى ھىچ كىشى كۆرمەپتىكەن زادى،
گويا سەنمۇ ۋۇجۇدۇڭدا ۋاپانى تۇتىيا قىلدىڭ.
ساڭا ياغدۇرسا ئەل نەپرەت تېشىنى، ماڭا دۆڭگەمسەن؟
مۇھەببەت رەسمى ئالدىدا ئۆزەڭ سانسىز گۇنا قىلدىڭ،
سېنىڭدىن شۇنچە بىزار بولغىنىمنى كۆرمىگىن مەندىن،
ئامالىم يوق، بۇ ئەھۋالغا مېنى سەن مۇپتالا قىلدىڭ.

# جانان كېلدۇ

ياز كەلدى، تولۇپ قەددى سۈۋادان كېلدۇ،
يەلپۈنگىنىچە شۇ چېچى بوستان كېلدۇ.
تارقاتتىمۇ دەپ يۈرمە شامال شۇندا ئېپار،
پۈركۈپ يەنە خۇشبۇيىنى رەيھان كېلدۇ.
ھېيت كەلدىمۇ دەپ ئەگىنە قېشى جىلۋە قىلىپ،
تاڭ ئاتتى مانا دەپ كۆزى چولپان كېلدۇ.
كاككۈكنى خىجىل ئەيلىگۈدەك كۈلكىسى بار،
گۈل غۇنچىسىدىن ئۈز لېۋى خەندان كېلدۇ.
بۇغچىسىنىڭ بەردە ھەرياغزا كىتاپ،
كۆڭلۈم ئۆيىگە ئۆزگىچە مېھمان كېلدۇ.
دەستۈر ئېلىپ ئاستانە ئەرەستۇلىرىدىن،
ئەل رەنجىگە مەلھەم يېڭى لۇقمان كېلدۇ.
بىللە ئۇچىمىز دەپ ئىدى پەن ئاسمىنىدا،
شۇ لەۋزىگە خاس قىلغىلى جەۋلان، كېلدۇ.
كۆڭلۈم سۆيۈنۈپ تەلپۈنىدۇ، ئىنتىلىدۇ،
چۈنكى يۈرىگىم پارىسى— جانان كېلدۇ.
چىقماي نە ئۈچۈن قۇچقىلى باغرىمنى ئېچىپ،
ئۆمرۈمگە مېنىڭ ئەزگۇ شەرەپشان كېلدۇ.

مۇھەببەتتە زادى ئەمەس سودىگەر،
مېنى قىياس ھەرگىز خىجالەت قىلىپ.
كېچەلمەيمەن ئەسلا ئۇنىڭ مېھرىدىن
ۋاپا ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ،

诗　　选　　　　　（维吾尔文）

铁衣甫江　著

责任编辑：阿不都瓦力，阿•吾买尔

责任校对：阿达来提•木塔里甫

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂排版

新疆日报社印刷厂印刷

787×1092毫米　32开本　10.5印张　4插页

1985年5月第1版　1985年11月第1次印刷

印数：1——3.500

书号：M10098.994　定价：（精）1.45元（平）0.75元

مۇقاۋىنى ئەن كاڭ ئىشلىگەن




نومۇرى: M10098·994

باھاسى: 1.45 يۈەن